مەمتىمىن ھەزرەت

# گۈزەللىك ئۈچۈن

مىللەتلەر نەشرىياتى

2

مەتىمىن ھەزرەت

# گۈزەللىك ئۈچۈن

(شېئىرلار)

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

جانابى رەھمەتۇللا ئەبەيدىگە تەقدىم.

ھۆرمەت بىلەن:

مەتىمىن ھەزرەت

مىللەتلەر نەشرىياتى

گۈزەللىك ئۈچۈن

(شېئىرلار)

مەتتىمىن ھەزرەت

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.21 يۈەن

## مۇندەرىجە


شەپەرەڭگە ........ 1
هوسنىگە تولماقتا ئۇلكەم يايلىغى ........ 2
مالچى ........ 6
شۇجىنىڭ شاتلىغى ........ 9
ئەندى ........ 15
ئۇستازىمغا ........ 17
بولاي مەڭگۇ مەدەتكارىڭ ........ 21
تيانشان بۇلبۇلىغا ........ 23
سەن بىلەن ........ 24
ساڭا ........ 25
بىللە ........ 25
شائىر بىلەن سوھبەت ........ 27
سەندە ........ 38
بەختىم بار ........ 40
ۋەتەن مۇھەببىتى ........ 41
ئوستەڭ بويىدا ........ 44
تەر توكەيلى بىرلىكتە ........ 45
چوپان قىز ........ 46

ئاۋات بازار ........................ 52
بەدنىيەت ........................ 57
دىخاننىڭ كۆلكىسى ........................ 59
پارچىلار ........................ 72
دىخان ........................ 74
پۇرسەتپەرەسكە ........................ 77
ئۆكۈزگە مەدھىيە ........................ 83
بىر دوستۇمغا مەسلىھەت ........................ 86
كوڭۇللەر مۇندەرىجىسىدە ........................ 88
ئوغلۇمغا ........................ 90
"ئىنقىلاپ ئۈچۈن" ........................ 91
تۈگىمەس ئەتە ........................ 93
سايىم ئالدىراش ........................ 94
هاراق تۇپەيلى ........................ 95
كەنجى يەنە تەتقىقاتتا ........................ 97
ئۇ ئوتۇن ساتتىيۇ، ۋىجدان ساتمىدى ........................ 100
يىقىلىش توغرىسىدا ........................ 101
كوزۇڭ ئەمەس، يۈزۈڭ قىزارسۇن ........................ 102
هەسەتخورلۇق (چوچەك) ........................ 103
چوكىلارنى تاشلايلى ئەندى ........................ 119
قوشۇلىمەن ........................ 123
گۈزەللىك ئۈچۈن ........................ 126
باشلىق زادى ئىرىمۇ يا خوتۇنىمۇ؟ ........................ 129

# شەپەرەڭگە

ئاھ، بىچارە جانىۋار،
زۇلمەت خۇمارى،
ھاياتىڭ ئۆتەرمۇ نۇردىن موكۇنۇپ.
(قىزىل كۈن ئورلىسە جۇغۇلدار تېنىڭ.
قالغىنىڭ تۇپەيلى تۇنگە ئۇگۇنۇپ.)

بىھىساپ جانلىقلار، ساناقسىز قەلب،
نۇر بىلەن ياشىرار، جانلىنار ئەجەپ.
يورۇقلۇق ئىشقىدا ئالەم بىر تەرەپ،
ئۇزەڭلا ئەكسىچە تەنھا بىر تەرەپ.

بەلكىم نۇر ۋە ئۇنىڭ ئىشقىۋازلىرى،
قەلبىڭدە ئۇچمەنلىك قوزغايدىغاندۇ.
بەلكىم تۇن قوينىدەك باغرىڭدا سىنىڭ
ھەسەتنىڭ ئوغىسى قاينايدىغاندۇ.

دوۋىلىنىپ سورتلۇق يۈك ئۈستى-ئۈستىلەپ،
تاغ بىنا بولۇپتۇ ئاۋۇللار ئارا.
كېلىدۇ ئۇزاقتىن موتورلار ئۈنى،
چاچماقتا چوپلەرگە ماشىنا دورا.

سەپ تارتىپ چوپ ئۈرۈپ بارار يىگىتلەر،
كوزلەرنى چاقنىتار چالغىسى بىلەن.
ھال سورار ئانىلار سۈتلۈك چاي تۇتۇپ،
ھال سورار بۇلبۇللار ناخشىسى بىلەن.

بىر ياقتا ئاجايىپ قىزغىن مەنزىرە،
پۈتمەكتە ھەيۋەتلىك يېڭى قورۇلۇش.
بۇ ئۇزى قوتاندۇر چارۋا ماللارغا،
بۇ ئۇزى زامانغا لايىق بورۇلۇش.
يايلاقتا قايىندى جەڭگىۋار كۈرەش،
غەيرەتنى ئۇرغۇتۇپ يايلاقنى تۈزەش.

يىلقىچى ئاتلارغا تاشلايدۇ سالما،
پىترايدۇ يىلقىلار ھەر يان، كىشنىشىپ.
گاڭگىراپ قالىدۇ ئەنسىز قۇلۇنلار،
ئايغىرلار چاقماقتەك ئۇتەر چېپىشىپ.

سەن ئۇچۇن تۇن كىرەك، بىز ئۇچۇن يورۇق،
شۇڭا دەر ئەل سىنى "شۇملۇق بەلگىسى".
ھاياتنىڭ خۇنۇك ۋە تارىخنىڭ قارا،
سەن پۈتكۈل ئىنسانلىق ئىبرەت ئۆلگىسى.

1976-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

# ھوسنىگە تولماقتا ئۆلكەم يايلىغى

كۈن ئالتۇن نۇرىنى پۈركەيدۇ يەرگە،
كوك يۈزى سۈزۈلگەن، نىل رەڭ شىشىدەك.
يىراقتا ئالماستەك يالتىرار چوققا،
قاپتاللار تاۋلىنار رەڭدار زىلچىدەك.

ئەسلىتەر ئوكيانىنى ياپ-يېشىل يايلاق،
كىگىز ئوي ساناقسىز ئاق يەلكەن گويا.
يىلقىلار توپلىرى قوڭۇر رەڭ ئارال،
پادىلار بولۇتتۇر يېيىلغان گويا.
ئېھ، رەسسام بولسامتىم، سىزسامتىم سۈرەت،
سۈرەتنى ئاسمانغا ئاسسام بەھەيۋەت!

جىلغىدىن زوقلىنىپ باقار كېيىكلەر،
ئاسماندا بۇركۇتلەر قاناتلار قاقار.
بەختىيار بۇندىكى ھەر دىل ـ ھەر يۈرەك،
شاتلىقى جۇش ئۇرار سايرام كولىدەك.

مالچىلار ئېيتىشار: قىسقا ۋاقىتتا
بولدى زور ئۆزگىرىش ئاسمان ـ زېمىندەك.
كېلىدۇ قەيەردىن شۇنچىلىك زەپەر،
ئىلھامچى بولمىسا كۈچ ئۇرغۇتقىدەك.
شان ـ شەرەپ تەئەللۇق مالچى ئەھلىگە،
پارتىيە مېھرى بار مالچى قەلبىدە.

* * *

ئالتۇن كۈن نۇرىنى پۈركىگەن يەرگە،
كوك يۈزى سۈپ ـ سۈزۈك نىل رەڭ شىشىدەك.
بىپايان يايلاقتا جانلانغان ھايات
جەننەتنى ئۆزىگە زوقلاندۇرغۇدەك.
ئاۋۇللار شاۋقۇنلۇق مېھنەت قاينىمى،
ھوسنىگە تولماقتا ئۆلكەم يايلىقى.

1977 ـ يىل ئىيۇن، گۇچۇڭ.

توگىلەر چوپلۇكتە ياتار كوشىشىپ،
سۇ ئىچىپ قېنىشار قويلار بۇلاقتىن.
يايلاقنى بوشۇكتەك تەۋرىتىپ لەرزان،
چوپان قىز ناخشىسى ياڭرار ئۇزاقتىن.
ناخشىلار تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتەرمۇ؟!
ماللارنى ساناشقا ساناق يېتەرمۇ؟!

بەستى زور سىيىرلار تۇگمەس بۇلاق،
ئېرىقتا سۈت ئاقار، بۇ چوچەك ئەمەس.
يېيىلغان قورۇتلىرى سايىنىڭ تېشىدەك،
تۈگلارغا سېرىق ماي تولۇپتۇ پەۋەس.

بېيىلەر باغلانغان ئۆيلەر ئالدىغا،
مالچىلار قىدىرىپ ئىچىشەر قىمىز.
باللار ئوينايدۇ باغلاپ موزايىنى،
بەختىيار بوۋاقلار سۈت ئىچىپ سېمىز.
پارچىسى بۇ زېمىن مېنىڭ ئېلىمنىڭ،
سۇرمەكتە پەيزىنى سوتسىيالىزمىمنىڭ.

ئۈستىگە تاغ كەبى يۇڭ-تېرە بېسىپ،
"ئازات"لار غۇيۇلداپ ئۆتىشىپ تۇرار.

ئۆرلىسە بۆلۈتنى قالدۇرۇپ پەستە،
كۈن كېلىپ مالچىغا باقار ھەۋەستە.

ئەجەلدەك ۋەھىمىلىك قىشنىڭ جۇدۇنى،
يېلىكنى توڭلىتار چىللىنىڭ قەھرى.
سوغاقنى كورمەيدۇ قويلار قوتاندا،
مالچىنىڭ مېھرىدىن ئالىدۇ بەھرى.

قوتاننى تازىلار مېھمانخانىدەك،
كىر يۇقماس قويلارنىڭ تۇۋاقلىرىغا،
ئاغرىق قوي چال بىلەن تاپىدۇ شىپا،
جۇۋىسى يېپىنچا بۇراقلىرىغا.
مېلىغا بەرگەن ئۇ پۈتكۈل ئىشقىنى،
مال بىلەن سويۈنەر ۋە ياشنار جېنى.

قالىغاچ چالغاندا باھار نەغمىسى،
ئۆلىنار بىرقانچە كۈندۈز بىلەن تۈن.
تول ئېلىش بۇ دىمەك ھوسۇل ئېلىشتۇر،
كىرپىگى يۇمۇلماس سوتكىلاپ پۈتۈن.

يېگىدۇ مالچىنىڭ چارچاشلىرىنى
قويلارنىڭ يېقىملىق، شات مەرەشلىرى.

# مالچى

بۇلۇتتەك يىيىلىپ ئۇتلايدۇ قويلار،
قاپتاللار تاۋاردەك ئاچقان گۈل چىراي.
شاتلىغى دىلىغا سىغماس مالچىنىڭ،
زوقلىنىپ قويلارغا باقىدۇ بوۋاي.

قاپتالدىن ئەگىگەن سالقىن شامالدا،
ساقىلى يەلپۈنەر كۈمۈش يىپەكتەك،
ۋە بەزەن مال قايرىپ چاپتۇرغاندا ئات،
يۈزىدە تەر تامچە پارلار سىماپتەك.
جەگدىكى جەگچىدۇر چال ئات ئۈستىدە،
غۇرۇرلۇق كۈلكىسى ئوينار ھوسنىدە.

پەسىللەر ئايلىنىپ كەلگىنىدە كۈز،
مال ھەيدەپ ھالقار ئۇ قارلىق داۋاندىن.
قوزىنى بوۋاقتەك يۆگەپ قويىنىغا،
ئۇتىدۇ بىمالال قانچىلاپ ھاڭدىن.

دىلدىكى ئۈمىتنى ئاتقۇزۇپ چېچەك،
ئالغا باس دەۋرىمگە باغلاپ ئىشتىياق.
ئۆمرۈڭنى پۈركىگەن قىزىلگۈل بىلەن،
ئۈرلىگەن بۇركۈتتەك كوكتە قانات قاق.
بەيگىدە ئۈزۈپ چىق، قىلغىن تەنتەنە،
شائىرنىڭ قەلبىگە ئىلھام بول يەنە.

1977 - يىل ئىيۇن، گۇچۇڭ.

## شۈجىنىڭ شاتلىغى

گۈزەل ئاخشام،
ئۇنتۇلماس كېچە،
لومشۇپ ئاقار ئۆستەڭنىڭ سۈيى.
ئاڭلىنىدۇ يىراق - يېقىندىن،
سۈچىلارنىڭ يېقىملىق كۈيى.

تۇرار شۈجى ئۆستەڭگە بېقىپ،
خىيال بىلەن زاكۇ بېشىدا.
جىلۋە قىلار يۈرەك شاتلىغى،
ئۇلۇغ سۇنىڭ دولقۇنلىشىدا.

كوزلىرى سۇزۇلگەن قوزىچاقلارنىڭ
شوخلۇقتىن سەكرىشىپ ئەكىلەشلىرى.
ئۇ، قويلار يېنىدىن ئايرىلماس پەقەت،
قوزىلار ئاينىيدۇ كورگەچكە شەپقەت.

مانا ياز، تاغ باغرى جەننەت بەئەينى،
رەڭمۇ-رەڭ گۇللەرنىڭ ئارىسىدا مال.
هەر باقسا هەسسلەپ كوپەيگەن قويغا،
ئېخ، شۇ دەم قېنىغا سىغماي كېتەر چال.

ئۇيلار ئۇ: كۇنسېرى ئۇسۇپ چارۋىلار،
يايلاقلار بىهىساپ ماللارغا تولسا،
بىز قازاق خەلقىدىن-چېكرا بويىدىن،
خۇش خەۋەر ئۇزۇلمەي هەر يان تارالسا.
ئۇيلىسا نۇرلىنار كوكۇل ئاسمىنى،
يايلاقنى گۇللىتىش ئۇنىڭ ئارمىنى.

*　　　*　　　*

جىسمى گاڭ، قەلبى چوغ ئەي مالچى ئاتا،
ئاۋۇلدىن ئاۋۇلغا تاراپتۇ نامىڭ.
چارۋىچى خەلققە بولماقتا ئۇلگە،
بىباها ئىش-ئىزىڭ، شوهرىتىڭ-شانىڭ.

پەھلىۋانلار ئەگەشتى ئاڭا،
يېزا ئەھلى ماڭدى قوشۇلۇپ.

پەيدا بولدى ئاسماندا بۇلۇت،
شۇ دەم بىردىن ئۆزگىرىپ ئەھۋال.
قامال قىلدى گاڭ ئېرادىنى،
قۇتراپ كەلگەن جۇدۇنلۇق شامال.

ناھىيىدىن كەلگەن ئەمەلدار
ئەزالارنىڭ يولىنى توسۇپ،
سوزلەپ كەتتى شىلتىپ قولىنى،
چىلبورىدەك پەيلىنى بۇزۇپ.

"ئوكچىلار باش كوتەرگەن پەيتتە،
كىم بۇيرۇدى ئۇستەڭ چېپىشقا.
ئاتلىنىڭلار زوزىپەيلەردىن،
بىردەك ھوقۇق تارتىپ ئېلىشقا."

شۇجى دىدى قەھرۇ-غەزەپتە:
"يولىمىزغا قەتئى ماڭىمىز،
ئەگەر ھوقۇق تارتماقچى بولساق،
سىزدەكلەردىن تارتىپ ئالىمىز".

سۇغا قانسا چاڭقىغان زېمىن،
سويۇنـمـسۇن نە ئۈچۈن كوڭۇل؟
قۇملۇق ئەندى بولار ئېكىنزار،
قامغاق باسقان ئېتىزلار تۇگۇل.

ئەمما بۇ سۇ كەلمىدى ئاسان،
گۇۋا ئاڭا ئەلنىڭ بارلىغى.
بۇ جەڭگىۋار، جانلىق ھېكايە، —
جەڭ جەريانى، كۈرەش تارىخى.

*　　　*　　　*

بارچە دىلدا يانغان چوغ بولۇپ،
باياشات دۇي قۇرۇش ئىستىگى.
(بىراق سۇدىن تەلەيسىز ئىدى،
كوئىنلۇننىڭ قۇملۇق ئېتىگى.)

مەھسۇلاتتىن ئۈمىت يوق ئىدى،
سۇ ئىشىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ.
سۇ بولمىسا دۇينى گۈللىتىش،
قالار ئىدى قۇرۇق سوز بولۇپ.

تاغ پارتلىتىپ، ئۇستەڭ ئېلىشقا،
شۇجى چىقتى باشلامچى بولۇپ.

يەر ئىككەنلەر قالدى قۇرۇق قول،
خامان توشتى قۇرۇق سامانغا.

ئىش بۇزغۇچى يوچۇن سىياسەت،
كوڭۇللەرگە گۇمان سالاتتى.
نىمە ئۇچۇن دەيتتى ھەر كىشى،
ئۆز ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

ئەلنىڭ قەھرى يەشتى تۇگۇننى،
يوقىتىلدى ئاپەتلىك بۇلۇت.
بايرام قىلدى چوڭ-كىچىككىچە،
كۆلدى يېزا شاتلىققا تولۇپ.

مانا ئەندى سابىق شۇجىنىڭ،
ۋەزىپىسى كەلدى ئەسلىگە.
دەريا بولۇپ ئۇرغۇدى غەيرەت،
ئەزالارنىڭ ئوتلۇق قەلبىدە.

يېزىنىڭ مەرت قىز-ئوغلانلىرى،
يۈرۈپ كەتتى ئۇستەڭ چېپىشقا.
شۇجى ئۆزى جەڭ مەيدانىدا،
باشچى بولدى قايناق چېلىشقا.

ئورتاق بولدى تامامى ئەزا،
شۇجىسىنىڭ جاسارىتىگە.
دىلى ئەگرى باشلىقىنىڭ شۇ دەم،
تۇز سېپىلدى جاراھىتىگە.

چىچاڭشىدى سەپرايى ئورلەپ،
بۇيرۇق قىلدى قايتىپ كېتىشكە.
بۇيرۇق قىلدى بىر ھەپتىگىچە،
گېۋېيخۇيدىن پەرمان كۈتۈشكە.

تېخى ھەپتە ئوتمەي شۇجىنىڭ
خىزمىتىنى ئېلىپ تاشلىدى.
ئوستەك چېپىش — ئۇلۇغۋار پىلان،
ۋاقىتىنچىلىق ئىشقا ئاشمىدى.

قانىتىدىن قايرىلدى بۈركۈت،
ياۋغا پەشۋا قايتۇرالمىدى.
تالاي پەرھات قالدى چارىسىز،
يېزىغا سۇ باشلىيالمىدى.

ئېتىز-ئېرىق چاك-چاك يېرىلدى،
ئېتىزلارنى باستى چاكاندا.

.................................

شاتلان شۇجى، يېڭى دەۋراندا،
شاتلىنىشقا ھەققىڭ بار سېنىڭ.
چۈنكى بۇندا جەننەت قۇرۇشقا،
ئۇزاقلاردىن ئەھدىڭ بار سېنىڭ.

چۈمدى ۋەتەن باھار نۇرىغا،
تىلەكلىرىڭ گۈللەيدۇ تېخى.
يۇرتۇڭ ئەندى چىقىرىپ قانات،
پەرۋاز قىلىپ ئۇرلەيدۇ تېخى.

1977 ـ يىل ئوكتەبىر.

## ئەندى

تۈمەن پالۋان ئىلىم ـ پەننىڭ يولىدا بەيگىدە ئەندى،
ۋەتەننىڭ شاتلىغى چەكسىزكى خۇاڭخې ئەۋجىدە ئەندى،
كوكۇل گۈلدەك ئېچىلماقتا ھاياجان ئىلكىدە ئەندى،
قىزىل نۇر جىلۋىسى چاقنار چېچەكلەر ھوسنىدە ئەندى،
قىياندەك يامرىدى ئىلھام ھەۋەسكار قەلبىدە ئەندى.

كېچە ـ كۈندۈز قىزىدى كۈرەش،
ئۆتتى تالاي جەڭگىۋار ئايلار.
كوكنى قۇچتى مېھنەت شاۋقۇنى،
تىلغا كىردى تىلسىمات جايلار.

پۈتتى ئۆستەڭ،
ئاقتى كۈمۈش سۇ،
ئىككى لەپكە تولۇپ لىپمۇ ـ لىپ.
ئاقتى چاڭقاق يەرنى ياشنىتىپ،
مول ھوسۇلنىڭ سازىنى چېلىپ.

شۇجى ئويلار: "4 كىشىلىك گۇرۇھ"
يوقالمىسا ياشنامتى يېزا،
نۇر چاچمىسا بەخت ئاپتىۋى،
ئالغا قەدەم تاشلامتى يېزا...

سۇ بىلەن تەڭ ئاقار ئۇزاققا،
شۇجىنىڭ شات ھىس ـ تۇيغۇلىرى،
ئۇزۇلمەستىن ئاقماقتا مانا،
يۈگەنلەنگەن تاغنىڭ سۇلىرى.

ئىلىم-پەن ئىشقى دىللاردا گويا گۈلخان بولۇپ ياندى،
كورۇلدى ئەجرىمىز بىزنىڭ كۈرەشنىڭ ئەۋجىدە ئەندى.

نىشان ئايدىڭ ۋە ئىمكانىغا كىپىلدۇر دەۋرىمىز بىزنىڭ،
يېڭىش مۇشكۇلنى خاس بىزگە، پۈرولېتار تەكتىمىز بىزنىڭ،
ۋەتەننى گۈلگە پۈركەشتۇر مۇقەددەس ئەھدىمىز بىزنىڭ،
ئاشۇ مەقسەتكە تەقدىمدۇر پاراسەت-ئەقلىمىز بىزنىڭ،
ئىلىم-پەن ئىشقى گۈلخاندەك خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەندى.

1977-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## ئۇستازىمغا

ئۈرۈمچىدە تۆردۈم ئۇزاق يىل،
ئوقۇشتا ھەم خىزمەتتە بولۇپ.
تاغلار ئېشىپ، يۇرتۇمنى يوقلاپ،
كەلدىم بۈگۈن پۇرسەت تۇغۇلۇپ.

ئوز يۇرتۇمدا تۇنجى كورگىنىم،
بولدى مېنىڭ ئانا مەكتىۋىم.

نىچاغدىن تەلپۈنۈپ كۈتتۈق بۇ قۇتلۇق كۈننى بىتاقەت،
بىراق بۇ ئارزۇ-ئىستەكنى قامال قىپ كەلدى توت ئاپەت،
ئىلىم-پەن قالدى بەد نامغا، بىرىلدى پىتنىگە نوۋەت،
ئادالەت بولدى دەپسەندە، كوتەردى باش رەزىل توھمەت،
چىكەتتۇق غەم، كىلەرمۇ دەپ جاھالەت ئەسلىگە ئەندى؟

يوقالدى ئەندىشە-تەشۋىش، تۇماننى قوغلىدى ئاپتاپ،
زىمىننى لەرزىگە سالدى خوشاللىق شاۋقۇنى ياڭراپ،
ئىجاتكار ئوت يۈرەكلەرنى جاسارەت يالقۇنى قاپلاپ،
چىلىشقا يۈردى ئۆتكەلنى بوسۇپ ئۆتمەككە بەل باغلاپ،
زەپەر تۇلپارىمىز جەڭدە، يىگىشىنىڭ پەيزىدە ئەندى.

دىدى كومپارتىيە بىزگە: ئىرادە تۇرغۇزۇپ گاڭدىن،
قوشۇڭلار بۇ دىيارغا شان، ئۈزۈڭلار ئاينى ئاسماندىن،
قىلىپ سۇمرۇغ كەبى پەرۋاز، ئۆتۈڭلار چوققىدىن-ھاڭدىن،
ياراتسا موجىزە كىمكى تاقايمىز گۈل شەرەپ-شاندىن،
ئورۇن يوق ئۇشبۇ مەيداندا قۇرۇق سوز ئەركىگە ئەندى.

ئۇيۇشتى بارچە مۇستەھكەم، جىمى سەپ جەڭگە ئاتلاندى،
سىسىق گاز ئورنىنى ئىپار ھىدىدەك ساپ ھاۋا ئالدى،
زىمىن، كوك ھەمدە ئوكيانلار گويا جەڭگاھقا ئايلاندى،

ئەمما تۇرقى تەمكىن ۋە تېتىك،
چاقنار ئوتلۇق كۆزلىرى تېخى.
قوغۇشۇندەك سالماق، ۋەزىنلىك
ئاۋازىمۇ ئاۋالقى پېتى.

مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە بېرەر،
ساۋاقداشلار چىن ئىخلاسىنى.
ئۇستاز سۆزلەر تارىختا ئۆتكەن
ئالىملارنىڭ ئىختىراسىنى.

بىر چاغلاردا بىزلەرگىمۇ ئۇ،
دەرس بەرگەنتى ئۆگىتىپ ئەقىل.
نەزەرىيىنى ئاساسلايتتى ھەم،
تەجرىبىدىن كەلتۈرۈپ دەلىل.

يىگىرمە يىل ئۆتتى ئارىدىن،
دەرس سۆزلەيدۇ ئاۋالقىدەكلا.
شۇڭا ئۇنىڭ داڭقى-تۆھپىسى،
كېزىپ يۈرەر پۈتۈن يۇرت ئارا.

دەرستىن چۈشۈپ چىقتى مۇئەللىم،
مەن ئالدىدىن بەردىم تونۇشلۇق،

ئەسكە چۈشتى باللىق يىللار،
ۋاراقلاندى كوڭۈل دەپتىرىم.

ئانا مەكتەپ ئۇستۇرگەن مېنى،
ياشلىقىمغا مەزمۇن سىڭدۇرۇپ.
نۇرلاندۇرغان ساددا دىلىمنى،
ئۇستازلىرىم بىلىم بىلدۇرۇپ.

ئۇستازىمنى قىلدىم سۇرۇشتە،
كىرىپ ئانا مەكتىۋىمگە مەن.
ئۇ لېكسىيە سوزلەۋېتىپتۇ،
باللارغا بار زېھنى بىلەن.

باقتىم تونۇش ئۆللىق چىرايغا،
دەرىزىدىن ئېھتىرام بىلەن.
ھەركىتىنى تېزلەتتى يۇرەك،
چۆمدۇم پۇتمەس ھاياجانغا مەن.

چاچلىرىغا قونۇپتۇ قىرو،
ياكى ئاق بور چاڭلىرىمۇ ئۇ.
ياق، چاڭ ئەمەس، يۈگرەك يىللارنىڭ
ئىنئامى ۋە سوغىلىرى بۇ.

سىز ئۇقۇتقان تالاي ساۋاقداش،
ئەلگە توھپە قاتماقتا بۇگۈن.
كۆرەشمەكتە ساپ تەر ئاققۇزۇپ،
كوممۇنىزىم غايىسى ئۇچۈن.

ئىخ، مۇئەللىم — قەدىرلىك ئۇستاز.
قەدىرلەيدۇ سىزنى ھور زامان.
ئوبرازىڭىز ئوچمەس، ساقلىنار،
شاگىرتلارنىڭ قەلبىدە ھامان.

يېزىلىدۇ تارىخ بېتىگە،
سىزنىڭ قۇچقان شەرەپ ـ شانىڭىز.
ئەۋلاتلاردىن ـ ئەۋلاتلارغىچە،
ياشنار سىزنىڭ قۇتلۇق نامىڭىز.

1978 ـ يىل يانۋار، قارىقاش، ياغاچچى يېزىسى.

## بولاي مەڭگۈ مەدەتكارىڭ

گۈل ئاشىغى بۇلبۇل باغدا،
سايرار ھامان گۈلگە قونۇپ.

بىز گوياكى ئاتا ـ بالىدەك،
قۇچاقلىشىپ قىزغىن كورۇشتۇق...

دولقۇنلىدى مېھرىم دېڭىزدەك،
سىز ئۇستازىم ــ بۈيۈك ئىنسانغا.
ئازمۇ سىزنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىڭىز،
ھور ۋەتەننى پۈركەشتە شانغا.

ئەلگە مېۋە بەرمەكتە سىزنىڭ
پەرۋىش قىلغان كوچەتلىرىڭىز.
گۈللەتمەكتە ئانا ۋەتەننى.
يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرىڭىز.

كىچىك ئادىل بولدى ئىنجېنېر،
يەر تەكتىدىن ئالماقتا مەدەن.
كەپسىز مۇرات تېخنىكتۇر بۈگۈن،
دەريالارغا سالماقتا يۈگەن.

كۈمۈش قۇشنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ،
كوك ئاسماندا كېزەر بەختىيار.
ئۆز ئىشىدا يېڭى كەشپىيات
بەرپا قىلدى دوختۇر گۈلباھار.

# تىيانشان بۇلبۇلىغا

بويۇڭنى سەھنىدە كورسەم،
ئېچىلغان گۇلمىكىن دەيمەن.
جاراڭلىق ناخشا ياڭراتساڭ،
سېنى بۇلبۇلمىكىن دەيمەن.

ئۇلۇغ دەۋرىمگە كۈي كۈيلەپ،
تالاي يىل ناخشا ياڭراتتىڭ.
شۇڭا ئوتلۇق كوڭۇللەرنىڭ
مۇھەببەت-زوقنى تارتتىڭ.

ساداسى ئاشۇ ناخشاڭنىڭ
كېلەر دەريايۇ-تاغلاردىن.
سالام يوللايدۇ ئىشچانلار
ساڭا بوستانۇ-باغلاردىن.

ئىجاتكارىم يارىم ساڭا
قەلبىم كويەر يالقۇن بولۇپ.

شاتلىنىمەن ئەل ئاغزىدىن
ئاڭلاپ سېنىڭ تەرىپىڭنى.
قاتتىم غەزەل-ناخشامغا مەن،
قۇچقان شانۇ-شەرىپىڭنى.

ئۇمرۇم گۈزەل مەزمۇنغا باي،
سەن سويۇملۇك جانان بىلەن.
بىرگە ئۇتسەم ئارمانىم يوق،
سەندەك تالماس ئىشچان بىلەن.

كەشپىياتنىڭ غۇنچىسىنى
ئېچىلدۇرغىن ئىجاتكارىم.
يۇرۇشلەردە بولاي سېنىڭ
تا مەڭگۈلۈك مەدەتكارىڭ.

1978-يىل فېۋرال، ئۇرۇمچى.

## ساڭا

ئۇت يۇرەك تىخنىك دىگەن نام بەردى ئەل چولپان ساڭا،
كوكرىڭگە گۈل قادالدى، ياغدى ھورمەت-شان ساڭا.

سەن يېتىشتۈرگەن ئۇرۇقتىن ئالدى ئۇلكەم مول ھوسۇل،
شۇنچىلىك ئۇرلەشكە ئىمكان بەردى ھور دەۋران ساڭا.

ياشىنىسۇن، كۈلسۇن ئىجادىڭ ئەي چىۋەر ئۇيغۇر قىزى،
ئىشتىياقىم بولدى يالقۇن، مەن تەسەددۇق جان ساڭا.

1978-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## بىلـله

گۈزەل گۈلشەن ئارا ھوسنۇڭ
مىسالى تاڭدىكى غۇنچە.

مەدەتكاردۇر ۋەتەن، خەلقىڭ،
مۇناسىپسەن بۇ گۈلشەنگە.
تىيانشان بۇلبۇلى ياڭرات
خوشال ناخشاڭنى مەڭگۈگە.

1978-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# سەن بىلەن

ئامرىغىم دېخان قىزى، چۈشتۈم چېلىشقا سەن بىلەن،
تەر توكۇپ چول قوينىدىن ئالتۇن ئېلىشقا سەن بىلەن.

بەختىيار يۇرتۇمنى غەلىبە گۈلىگە پۈركەش ئۈچۈن،
رازىمەن تاغلار ئېشىپ، دولقۇن يېرىشقا سەن بىلەن.

ۋەدە بەردىم چىن يۈرەكتىن مەردۇ-مەردان ئالدىدا،
ئەل-ۋەتەن ئىشقىدا گۈلخاندەك يېنىشقا سەن بىلەن.

نۇرلىنىپ كەلگۈسىمىز ئاچماقتا بىزگە كەڭ قۇچاق،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم بىللە بېرىشقا سەن بىلەن.

1978-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# شائىر بىلەن سوھبەت

(لىن بىياۋ ۋە "4 كىشىلىك گورۇھ"نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بارلىق پىشقەدەم يازغۇچى، شائىرلارغا بېغىشلايمەن.)

مۇخبىرلىققا ئاتلاندىم بۈگۈن،
باشلىقىمدىن ئېلىپ ئىجازەت.
قايتا جەڭگە كىرگەن پىشقەدەم
شائىرنى مەن قىلدىم زىيارەت.

مەن ئۇنىڭغا قىلدىم ئىلتىماس،
تارىخىنى ئەسكە ئېلىشنى.
كەچمىشنى ـ كەچۈرمىشنى
رەت ـ رېتىچە سوزلەپ بېرىشنى.

چومدى پۈتمەس خىيال تەكتىگە،
پىشقەدەم زات، ھورمەتلىك كىشى.
باشلىدى ئۇ جەڭ يىللىرىدىن،
كوز ئالدىغا كەلدى كەچمىشى.

* * *

سېنى چەكسىز قەدىرلەيمەن،
ساداقەت باغىدا شۇنچە.

ئىزىتقۇ قەستىنى يەڭدۇق،
سىناق مەيدانىدا بىللە.
تاھىر، زوھرا بولۇپ ئاقتۇق،
ۋاپا دەرياسىدا بىللە.

مۇشەققەت تاغىدىن ئاشتۇق،
جانانىم ئىككىمىز بىللە.
كوكۇلدە ئۇلغىيىپ باردى،
مۇھەببەت مېھرىمىز بىللە.

بارارمىز كەڭ قۇلاچ تاشلاپ،
چېلىشنىڭ ئالدىدا بىللە.
قىزىتقايمىز بەلەن توينى،
ۋىسال ئىقبالىدا بىللە.

1978-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

چىدالامدۇ ئادەم بالىسى،
ياۋغا تاشلاپ ئالتۇن ئېلىنى.

ئايلاندىم مەن قەھرۇ-غەزەپكە،
ۋولقان ئىدى ياش قەلبىم گويا.
بولدى قەلەم ئۇتكۇر قورالىم،
تومۇردىكى قانلىرىم سىيا.

قانلىق يىللار، ئاپەتلىك دەۋر،
شائىر قىلىپ ئۇستۇردى مېنى.
(يازماي قانداق تاقەت قىلىمەن،
تارتىپ خورلۇق تولغاقلىرىنى.)

يازدىم شېئىر، شېئىرلىرىمدا
ئانىلارنىڭ خىتاۋىنى مەن.
يازدىم ئاچا-سىڭىللىرىمنىڭ
كوكنى قۇچقان پىغانىنى مەن.

يازدىم ئاتا ئۇمىتلىرىنى،
باللارنىڭ نالىسىنى مەن.
يازدىم ئەجدات ۋەسىيىتىنى،
يازدىم خەلق ساداسىنى مەن.

لوگۇچياۋدا پۇرۇخ پۇرۇتۇپ،
ياغرىغاندا زەمبىرەك ئۈنى.
يات تائىپە ئەزىز ۋەتەنگە
ئىپلاس قەدەم تاشلىغان كۈنى:

تۇمەنلىگەن قانۇ-قېرىنداش
ياۋ ئوقىدا ئايرىلدى جاندىن.
قان ساقىغان سىداۋ ئاستىدا
ھەيدەلدى كوپ پۇقرا ماكاندىن.

ئۇ چاغ مېنىڭ ياشلىق يىللىرىم،
ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ يۇرەتتىم.
مەرىپەتنىڭ دەريالىرىدا،
غۇلاچ يېيىپ قانماي ئۈزەتتىم.

بۇ ۋەھىمە، ئاپەتلىك خەۋەر،
كوكرەكلەرگە پاتتى زىخ بولۇپ.
تەۋرەپ كەتتى پۇتكۇل تىيانشان،
بارچە مىللەت كەتتى قوزغۇلۇپ.

كويدۇرەتتى قىساس يالقۇنى،
مىليونلىغان ئىنسان دىلىنى.

جاھانگىرنىڭ غالچىسى بىلەن
تۇتۇشقاچقا تەۋرەنمەي تۇرۇپ.
مەن تۇرمىگە تاشلاندىم، خائىن
شىپىڭ شىسەينىڭ تۇتقۇنى بولۇپ.

ۋەيلۇن دوزاخ-زىندان ئىچىدە
پۈتۈن تېنىم قانغا بويالدى.
مىسرا تۈزدۈم ئۆز قېنىم بىلەن،
قىزىل قاندىن تاملار بويالدى.

ئېغىر كۈنلەر ئۆتتى شۇ پېتى،
ياۋ بىلەن جەڭ قىلدىم چىڭ تۇرۇپ.
شىپىڭ يىقىلدى، تۈرمىداشلارنى
گومىنداڭغا بەردى تاپشۇرۇپ...

* * *

تاڭنىڭ نۇرى بۇزدى-غۇلاتتى
كونا سېپىل، چىرىك ئوردىنى.
قۇشلار ئۇچۇپ چىقتى قەپەزدىن،
يوقسۇل خەلق تاپتى ئورنىنى.

تاڭ نۇرىغا قاتتىم كۈيۈمنى،
ھاياجاننىڭ ئەۋجىدە تۇرۇپ.

مەدەت بەرگەچ يەنئەن خىتاۋى
ۋۇجۇدۇمغا ھەر دەم، ھەر مىنۇت.
قىلدىم كۇرەش، ئۇلغايغاندىمۇ
ئاسمىنىمدا قاپ-قارا بۇلۇت.

ئەل قىسمىتى، ۋەتەن تەقدىرى
قىل ئۈستىدە تۇرغان چاغلىرى.
يۇرت خائىنى ياۋۇز شىلىڭ شىسەي
ياۋغا مالاي بولدى ئاخىرى.

مۇناپىقلار بازار تالىشىپ،
بەس-بەس بىلەن ساتتى ۋەتەننى.
(نەدىن بىلسۇن ئۇ شەرمەندىلەر
مىللەت، ۋەتەن دەيدىغان غەمنى.

ھەر كېچىسى قانچە يۇزلىگەن
ۋەتەنداشلار تۇتقۇن قىلىندى.
ياۋ زۇلمىدىن بىگۇنا خەلق
ئۇششۇك تەككەن چوپتەك قىرىلدى.

................

دەۋرىمىزنىڭ گۇناھكارلىرى،
"گۇناھكار" دەپ قاماشتى مېنى.
قانداق جاھان، قانداق زامان بۇ،
ئەي خالايىق ئېيتىڭلار قېنى؟

كىملەر مېنىڭ قولۇمغا كويزا،
پۇتلىرىمغا ئىشكەل سېلىشتى؟
كىملەر مېنىڭ قىزىل قېنىمنى
ئىچكىنىگە ئىنئام ئېلىشتى؟

زۇلمەت قوينى-زىندان ئىچىدە،
مەن تارتمىغان ئازاپ قالمىدى.
قىينالغانغا مەن جان ئۈزمىدىم،
قىينىغانغا جاللات تالمىدى.

مەن تۇرمىدە تارتقان ئازاپنىڭ
ھېساۋىنى ئېلىپ بولامدۇ.
ئۇغۇ مەيلى، بىراق زەھەرلىك
توھمەتكە چىداپ بولامدۇ؟!

مەن بىر ئۇمۇر پۈرولېتارغا يات
شېئىرلارنى يېزىپتىمىشمەن.

پەرۋاز قىلدىم كوپ ـ كوك سامادا،
ئازات ئەلنىڭ لاچىنى بولۇپ.

يوقسۇلغا يەر بولۇپ بېرىشتىن
ئازات ئېلىم گۈگۈشلەشقىچە.
سوتسىيالىستىك يېڭى قىياپەت
جەننەت بولۇپ چىراي ئاچقىچە.

شۇنچە يىللىق قايناق چېلىشتا،
بولدۇم باشتىن تا ئاخىرغىچە.
ئاداشمىدىم توغرا نىشاندىن،
بەل مۇكچىيىپ، چاچ ئاقارغىچە.

بىراق قاتىل، ئاپەت يىلتىزى
لىن بياۋ ۋە توت زەھەرخەندە،
ۋەھشىلىشىپ دىيىشتى، ماڭا
توھمەت چاپلاپ "قارا گىزەندە".

ئەۋج ئالدى ئاپەتلىك بوران،
يامراپ كەلدى توھمەتلەر سېلى.
كويىقاپقا ئايلاندى بۇگۈن،
ئەجدادىمنىڭ مۇقەددەس ئېلى.

ئېيتقىن دۇنيا قوينۇڭدا سېنىڭ
ئىنسانلارنىڭ ئىززىتى نىمە؟
ئېيتقىن قېنى، ئادەم دىگەننىڭ
چۇمۇلىدىن قىممىتى نىمە؟

مەن ئويلايمەن، ئويلىغانسېرى،
بۇ سىرلارنىڭ تەكتى ئېچىلماس.
كوڭلۇمدە بار قات-قات سوئاللار،
سوئاللارغا جاۋاپ تېپىلماس.

توققۇز يىلىم ئوتتى شۇ پېتى،
ئۇستىخانغا چاپلاشتى تېرە.
زەئىپلەشتى ۋۇجۇدۇم، بىراق
ساپ ۋىجدانىم بولمىدى خىرە.

كېيىن بىلدىم ئىشنىڭ تەكتىنى،
سويۇشكەندە تاڭ نۇرى بىلەن.
چىمەنزارنى ۋەيران قىلغۇچى،
توت يالماۋۇز، توت چايان ئىكەن.

مەن خوشلاشتىم گوندىپاي بىلەن،
شۇم جاللاتلار كىردى ھەپسىگە.

قىزىل تۇغنى ئاغدۇرماق ئۈچۈن
"قارا كۈچلەر" يىغىپتىمىشمەن.

ئەسكە ئالسام باسقان مۇساپە ـ
تارىخىمنى بىر ـ بىر ئاختۇرۇپ.
ھاياتىمدا ئەل ـ ۋەتەن مېھرى،
ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن سۈت بولۇپ.

يالتايمىدىم، تاكى بىر ئۆمۈر
پارتىيىگە ئەگىشىپ كەلدىم.
ياۋنى ئالدىم قامچا ئاستىغا،
دەۋرىمگە كۆي ياڭرىتىپ كەلدىم.

شۇنداقتىمۇ ئۇلار نىمىشقا
يۈرىكىمگە تارتماقتا سىزىك.
مەلئۇنلارنىڭ نەيرەڭ، ۋاستىسى،
نىمە دىگەن قەبىھ، زەھەرلىك.

مەن تارتقان دەرت ـ ئازاپ ئالدىدا
ۋەيلۇن دوزاق جەۋرىسى نىمە.
شۇنچە تولا ئۈچمەنلىك قىلىپ،
جاللاتلارنىڭ مەقسىدى نىمە.

* * *

يازغىن شائىر، يازغىن توختىماي،
كورگىنىڭنى، بىلگەنلىرىڭنى.
گاھى بەخت، گاھىدا زۇلمەت
دېڭىزىدا ئۈزگەنلىرىڭنى.

شېئىر يازغىن، ئەل ساداسىدەك،
نامەرتنى سوك، مەرتلەرنى كۈيلە.
غۇرۇرلانسۇن يۇرتۇم سېنىڭدىن،
پەرۋاز قىلغىن كوكلەردە ئورلە.

يازغىن، ھەر بىر شېئىرلىرىڭدىن
سانىسىز يۈرەك ھوزۇر ئالغىدەك.
يازغىن، تارىخ سەھىپىسىدە
ئوتلۇق نامىڭ مەڭگۈ قالغىدەك.

1979-يىل يانۋار، خوتەن — ئۈرۈمچى.

داۋالاندىم ئۈچ يىل، تەل-توكۇس
ساغلاملىغىم كەلدى ئەسلىگە.

مەن كىرىشتىم ئىجادىيەتكە،
مەن كىرىشتىم ئەندى بولەكتىن.
مەن كىرىشتىم قايغۇ-خوشاللىق
كىرەلىشىپ كەتكەن يۈرەكتىن.

يازماقتىمەن كوز ياشلىرىمنىڭ
دەرياسىدا ئاققانلىغىمنى.
يازماقتىمەن بۇ نەۋ باھارغا
مەمنۇن بولۇپ باققانلىغىمنى.

يازماقتىمەن بارچە سەپلەرنىڭ
بەيگىلەردە ئىلگىرلىشىنى.
خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن
ئىنتىلىشى، تەلپۈنۈشىنى...

* * *

ئەكس ئېتەر سۈنماس ئىرادە،
ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كوزىدىن.
جىلۋىلىنەر كەلگۈسى غايە،
پولات مۇسكۇل شائىر سوزىدىن.

ئۆزى تاپقان ھالال ناننى ئازادە ئۇلـتۇرۇپ يەيدۇ،
توكۇپ تەر كىم خامان ئالسا، ئاشۇ ماي چاينىدى سەندە.

قۇرۇق سوزلۇك سىغمىزخانغا ۋەتەن قوينۇڭدا مەيدان يوق،
رۇكۇلداپ توت پەسىل تۇغماس تۇخۇمسىز توخۇغا دان يوق،
بىسىلدى تىنجىماس چۇقان، گۇناسىز جانـغا بوھتان يوق،
كۇرەشچان ئارغىماقلارنىڭ يولىدا ئەندى قاپقان يوق،
ئادالەتنىڭ كۇيى ھەر يان جاراڭلاپ ياڭرىدى سەندە.

پىراقتا قەلبى ئۇرتەنگەن يىگىت جانانىغا يەتتى،
سىقىلغان قەھرىلىك دىللارمۇ ئەرك بوستانىغا يەتتى،
كورۇندى كوزلىگەن ئىقبال، خەلق ئارمانىغا يەتتى،
بۇ شاتلىق نەغمىسى سانسىز كۇرەش قۇربانىغا يەتتى،
خەلقىنىڭ بەختى-ئارزۇسى چىچەكلەپ ياشنىدى سەندە.

يىراق مەنزىلگە كوز سالسام كېتەرمەن جانلىنىپ شۇنچە،
گوياكى تويغا خەت ئالغان يىگىتتەك شاتلىنىپ شۇنچە،
ۋەتەن بەختىگە زوق ئەيلەپ دىلىمدىن ماختىنىپ شۇنچە،
بارارمەن ئۇز ئىجادىمغا-ئىشىمغا باغلىنىپ شۇنچە،
گۇزەل تۇرمۇش، ئۇلۇغ غايە قۇياشتەك بالقىدى سەندە.

## سەندە

دىيارىم، جانىجان يۇرتۇم ھەقىقەت پارلىدى سەندە،
كېسلدى چىڭگىلىك، كوكلەپ كوچەتلەر ئايىندى سەندە،
ھۇقۇش قوغلانىدى، بۇلبۇلىلار ئەجەپ شوخ سايرىدى سەندە،
ياشاردى رەڭمۇ-رەڭ گۇللەر، كوڭۇللەر يايرىدى سەندە،
زامانغا سويگۇسى ئەلنىڭ بولۇپ سەل يامرىدى سەندە.

ئىجات-سەنئەت بىغدا شات-خوشال سوزلەشكە ئىمكان بار،
ھەقىقەت ئوتىدا لاپ-ساختىنى ئورتەشكە ئىمكان بار،
ئىلىم-پەن ئەھلىگە پەرۋاز قىلىپ ئورلەشكە ئىمكان بار،
ياراتسا كەشپىيات ئەلگە ئۇنى كويلەشكە ئىمكان بار،
شۇڭا دەۋرانغا دىل زوقى بولەكتىن قايىندى سەندە.

زاۋۇتتا قەھرىمان ئىشچى رىكورد بۇزماقنى كوزلەيدۇ،
سورىساڭ "جان پىدا خەلقىمگە كولدى ئارزۇيۇم" دەيدۇ،
دىخان كەتمەنگىلا باقماي، يېڭى سايماندا ئىشلەيدۇ،

شۇڭا مېنىڭ تەر ئاققۇزۇپ ئېتىزدا،
ئەمگەكچى بولۇش ئۈچۈن ئەھدىم بار.
دولقۇنلايدۇ دىل شاتلىغىم دەريادەك،
چۈنكى تاللاپ سۆيگىنىم بار، بەختىم بار.

1979-يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## ۋەتەن مۇھەببىتى

ۋەتەن مۇھەببىتى نە قەدەر ئۇلۇغ،
ۋەتەن دەپ قان كەچكەن ئەجدادلىرىمىز.
ۋەتەنگە مەنسۇپتۇر بىزنىڭ ئۆمرىمىز،
ۋەتەن دەپ تۇغۇلار ئەۋلادلىرىمىز.

ۋەتەنگە بېغىشلاپ ئوتتى ئۆزىنى،
ساپ نىيەت ئوغۇل-قىز، ئالىملىرىمىز.
بىر ئۆمۈر ۋەتەننىڭ شان-شەۋكىتىگە،
قەسىدە توقۇشتى شائىرلىرىمىز.

مەنمۇ ياش شېرىيەت ھەۋەسكارىمەن،
قەلبىمدە بۇ ھىسنى ئويغاتتى ۋەتەن.

مۇرادىم ئەي ۋەتەن، سەندە ئومۇرلۇك تەر-ئەجىر توكمەك،
نۇرانە كەگرى قوينۇڭنى بىھىشتەك گۇللىتىپ ئوتمەك،
زەپەر تۇلپارىدا ئورلەپ بۇيۇك توت چوققىغا يەتمەك،
يېڭى ئەۋلات ئۇچۇن سوغات-نىشانە قالدۇرۇپ كەتمەك،
ئاشۇ يۇكسەك نىيەت-سۇنماس ئىرادەم ئۇرغىدى سەندە.

1979-يىل فېۋرال، ئۇرۇمچى.

# بەختىم بار

سۇبھى تاڭنىڭ ئىپار ھىدلىق ساباسى،
يەلپۇپ ئوتەر مەجنۇن تالنى-سۇمبۇلنى.
قىز-ئوغۇللار ئېتىزلاردا ئىشلەيدۇ،
تاڭ قالدۇرۇپ گۇلشەندىكى بۇلبۇلنى.

زەربدارلار ئارىسىدا ئىشلەيمەن،
لەۋھە ئالغان يارىم بىلەن بىرلىكتە.
ئىش-ئەمگەكتە ئۇزۇپ چىقىپ ئالدىدا،
ۋەدىمىز بار توي قىلماقتا كۇزلۇككە.

سېخىلىق، مەرتلىكىنىڭ نەمۇنىسى سەن،
بېرىسەن خەلقىڭگە بىھىساپ نىمەت.
بېرىسەن ھەر كىمگە لازىملىغىنى،
ھېچقاچان قىلمايسەن خوشامەت، مىننەت.

ئېخ، ۋەتەن سەن دىمەك چىنلىق دىمەكتۇر،
سەن ئىنسان قەلبىگە تۇگىمەس ئوزۇق.
يارالغان سەن پەقەت سەممىيەتتىن،
تۇپرىغىڭ مۇقەددەس ۋە نامىڭ ئۇلۇغ.

زىمىنگە تۇغۇلغان ئادەم بالىسى،
قانداقمۇ سويمىگەي ئوز دىيارىنى؛
ۋە قانداق ئەيلىمەس ئىزھار، ۋەتىنىم
بار مېنىڭ، دەيدىغان ئىپتىخارىنى.

بارمىدۇ دۇنيادا پەرزەنتلىرىگە
سەن كەبى مېھرىبان، شەپقەتچى ئانا؟!
ئوغلۇڭغا قەدرىڭنى بىلمەسلىكتىنمۇ
بارمىدۇ ئېغىرراق جىنايەت-گۇنا؟!

مەن ئوسۇپ ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى،
ياشايمەن ھەمىشە ھاياجان بىلەن.

يالقۇنلۇق مىسرانى تاپاتتىم نەدىن،
ئانىجان ئىلھامنى بەرمىگەندە سەن؟

ھەر بىقىپ ھوسنۇڭگە ئالغان ئىلھامىم
ئالدىدا دەريانىڭ دولقۇنى نىمە.
شاۋقۇنلۇق دېڭىزدۇر تەسىراتلىرىم،
مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈزگۈچى كېمە.

ئۈزىمەن ۋە لېكىن تا شۇ ياشقىچە،
تۈيغۇلار قىرغىقى كورۇنگىنى يوق.
ئۇرسىمۇ قانچە رەت دەھشەتلىك بوران،
سېنىڭدىن دىل رىشتىم ئۈزۈلگىنى يوق.

كوزلىرىم قامشار گۈل باغلىرىڭدا،
ئويلايمەن ئالەمنىڭ جەننىتى مۇشۇ.
تەمنى تېتىيمەن مۇۋىلىرىڭنىڭ،
ۋە دەيمەن: جەننەتنىڭ شەرۋىتى مۇشۇ.

سۇبھىدە بىپايان زىمىن ۋە ئاسمان
شەپەقنىڭ نۇرىغا چومگەندە تۇتاش،
كوز تىكىپ قانمايمەن گۈزەللىگىڭگە،
يامرايدۇ ئىلھامىم قىيانغا ئوخشاش.

يار بىلەن چۈشۈپ ئۈستىن،
باردۇق سەيلىگە كەچتە.
يۇلتۇزلۇق گۈزەل ئاخشام،
مەڭگۈلۈك قالار ئەستە.

سوقتى قوش يۈرەك تەڭكەش،
كەلدۇق شۇندا بىر سوزگە.
كۆتكەن ئارزۇلۇق توينى،
پۈتۈشتۇق كېلەر كۈزگە.

توي قىلماققا قوش دىلنىڭ،
يالقۇنلۇق قارارى بار.
بىزنىڭ بەختىيار ئەلدە،
ياشلارنىڭ باھارى بار.

1979-يىل ماي.

## تەر توكەيلى بىرلىكتە

پەھلىۋانلار سېپىدە كوردۇم بويىۇڭنى،
قادالدى دىل خۇمارىم، كوكسۇڭگە غۇنچە.

ئويلىسام تەقدىرىم، قايغۇ، شاتلىغىم،
سەن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئىكەن.

مېھرىڭنىڭ نۇرىغا چومۇلۇپ ئۆستۇم،
سەن بىلەن ياشنىدى ھاياتىم بېغى.
قەلبىمدە پەرزەنتلىك ئاتالماقتىنمۇ
ئارتۇقراق شەرەپنى سەزمىدىم تېخى.

ئۇزەمنى ئادەم دەپ ياشماقلىغىم
ئەمەستۇر تۇغۇلۇپ قالغىنىم ئۇچۇن.
بىلىمەن ۋىجدانىنىڭ ئالى بۇرچىنى،
مەنسۇپتۇر سەن ئۇچۇن بارلىغىم پۈتۈن.

1979-يىل ماي.

## ئۇستەك بويىدا

ئۇستەڭنىڭ بويى خىلـۋەت،
سۇپ-سۈزۈك سۇيى شەرۋەت.
ئۇستەك بويىدا كۈندە،
قىزىيدۇ خوشال مېھنەت.

ئەسلىتىدۇ يېشىل دېڭىزنى،
بۇ ۋەتەننىڭ مۇنبەت يايلىغى.

تىنجىمايدۇ ئاتلار دۈپىرى،
ئاۋۇللارنىڭ كۆلكە-ھاۋقۇنى،
يۈرەكلەردە يېڭى ھاياتقا،
يېلىنجىيدۇ ئىشىق يالقۇنى.

ئات چاپتۇرۇپ قوي قايرىغان قىز،
دۈيمىزنىڭ ئۇلغار مالچىسى.
جان كىرگۈزەر قارلىق چوققىغا،
ئۇ ياڭراتقان زەپەر ناخشىسى.

كۆلدەن دىسە ئاۋۇللار ئارا،
چوڭ-كىچىككە تونۇش ئىسىم بۇ،
تەرىپلەر كوپ ئۇنىڭ ھەققىدە،
(كوڭۈللەرگە ئۇللىق سېزىم بۇ.)

بۇ يىل قىشتا تاغلار ئارىسى،
ئۇتتى ئەجەپ دەھشەت-جۇدۇنلۇق.
يېرىلدى توڭ-مۇزلار چاراسلاپ،
جانغا تەھدىت سالماقتا سوغۇق.

چۇمۇلگەندە سەن قۇتلۇق ئالقىش پەيزىگە،
خوشاللىغىم دەريادەك ئۇرغۇدى شۇنچە.

ئېيتقىن جانان، ئېيتقىنا، قىلماي تەقەززا،
بولدۇڭ قانداق مۇناسىپ شانۇ-شەرەپكە.
مەن بىلىمەن يۇرتۇمنىڭ پەخرى سانالدىڭ،
جاۋاپ بەرگەچ خەلقىمىز كۈتكەن تەلەپكە.

قەلبىمدىكى مۇھەببەت ياشنىدى ساڭا،
كوكرىگىڭدە ئېچىلغان قىزىل غۇنچىدەك.
تەر توكەيلى بىرلىكتە ئانا تۇپراقتا،
كۆلۈپ باقسۇن بىزلەرگە پارلاق كېلىچەك.

تەر توكەيلى، ئۇتكەلدىن ئاتلايلى بىللە،
گۇل ئېچىلسۇن گۇلزاردا ئۇينايلى بىللە.

1979-يىل ئىيۇن.

## چوپان قىز

ھايات زوقى قاينىغان ماكان،
تىيانشان ۋە بەيتىك ئارىلىغى.

غەلىبىسى ۋە خوشاللىغىنى،
ناخشىلارغا قېتىپ كېلىدۇ.

سويۇنىدۇ كۆلدەنىنىڭ جېنى،
شۇ مۇلايىم جانىۋارلىرىدىن.
سېزىلمەيدۇ كۆنلەر جاپالىق،
مېھىر قويغاچ مالغا دىلىدىن.

ئۇ قوتانغا كىرگەندە قويلار،
ئەتراپىدىن كەتمەيدۇ پەقەت.
(ھايۋاندىمۇ بولاركەن ئەجەپ،
شەپقەتچىگە مېھرى-مۇھەببەت.)

شوخ قىز كۆلدەن سوزلەر بەزىدە،
تىڭلار تىلسىز، سىزىمچان دىللار.
"ھەمرا بولۇپ ئۆتتى سىلەرگە،
ياشلىق چېغىم، بەختىيار يىللار.

جانىۋارلىرىم، پاخلانجانلىرىم،
ئېھ، نەقەدەر سويۇملۇك سىلەر.
مېھرىمىزنى ئارىمىزدىكى
ئۆلچەمەككە دەريا تار كېلەر.

ئوڭكۇرلەردىن بورە ـ قاۋانلار،
چىقىپ كېلەر ئىزدەپ ئوزۇقلۇق،
قوتانلاردىن يوقايدۇ قويلار،
مالچى خەۋەر ئېلىپ تۇرۇقلۇق.

بىراق كۇلدەن ئۇز قوراسىدىن،
بىرمۇ مالنى يوقاتقىنى يوق.
كوزى چۇشكەن بىرمۇ بورىنى،
تىرىك پېتى ئۇزاتقىنى يوق.

بېلىگىچە قار كېچىپ كەچتە،
ئەتراپلارغا قۇرىدۇ قاپقان.
ئاسرىغاندەك بوۋاقنى، تۇندە
ئاجىز قويغا ياپىدۇ يوتقان.

ئۇ ياندۇرغان پەنەر نۇرىدىن،
كۇندۇز بولۇپ يورۇيدۇ قوتان،
ملتىغىنى بەتلەيدۇ، سىرتتا
يوچۇن شەپە ئاڭلانغان هامان.

ئەتىگەندە قارلىق دالادىن،
ئولجىلارنى تېپىپ كېلىدۇ.

كەڭ سەھنىدە ئۇنىڭ كوكسىگە،
گۈل قادالدى خەلق نامىدىن.

مانا ئەندى يازنىڭ قوينىدا،
يايلار قويلار تىمەن ۋە سېمىز.
جاندىن ئەزىز جانۋارلىرىغا،
ئات ئۇستىدىن كۈلۈپ باقار قىز.

* * *

ماللار باق، قىلغىن تەبەسسۇم،
ئەي چوپان قىز، يايلاقنىڭ پەخرى.
قىلىشماقتا داڭ-تەۋسىيگىنى
پۈتۈن يايلاق-ئاۋۇللار ئەھلى.

ئالغا ئىنتىل، شوھرەت تاپ يەنە،
شانلىق سەپەر، غالىپ يۈرۈشتە.
بىر ئۇمۇر بول ئەلگە نەمۇنە،
ھور ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتە.

1979-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

ئارمانىم يوق ئاۋۇلدا ئوتۇپ،
ئايلانساممۇ ئاق چاچ مومايغا،
سىلەرنى ۋە قوتاننى ھەرگىز
تېگىشمەيمەن ئالتۇن سارايغا.

ئارزۇيۇم شۇ ئانا ۋەتەنگە،
مۇھ بەرسەم، قاتسام شەرەپ ـ شان.
ئۇسسە ئەلنىڭ باياشاتلىغى،
جەننەت بولۇپ ياشنىسا جاھان".

قوزىچاقلار سۇركىلەر قىزغا،
چۈشەنگەندەك ئۇنىڭ سوزىنى.
تېكىشىدۇ ئوماق، مۇلايىم،
ئىگىسىگە قويلار كوزىنى.

يېڭى دەۋر ۋە ئۇمىتلىك كۇنلەر،
ئىلھام بەرگەچ قىزنىڭ روھىغا.
چىقىم قىلماي قوتاندىن مالنى،
ئېلىپ چىقتى باھار قوينىغا.

تول ئالدى ئۇ ئاپەتنى يېڭىپ،
ئاشتى سانلار ئۇز پىلانىدىن.

كاۋاپچى پېشرەمەكتە زىخ كاۋىپى،
خوش ھىدى ئۇرۇلىدۇ دىماقلارغا.
كانارىغا قاسساپ سېمىز گوشنى ئاستى،
بازارنىڭ ھوسنىگە ئۇ ھوسۇن قاتتى.

بوكىنى قىرلاپ كىيگەن ئەزىمەتلەر،
ئالدىدا بۇغداي، قوناق تاغار-تاغار.
چېھرىدە جىلۋىلىنەر شات كۈلكىسى،
ئالغۇچى خېرىدارغا مەمنۇن باقار.
ئېخ، ئۇلار ھۇركىمەيدۇ، ھودۇقمايدۇ،
بازاردا بۇلاڭچىغا يولۇقمايدۇ.

گىلەمچى ئۇستا تامغا ئاستى ئەنە،
ئوز ئەجرى بىلەن پۇتكەن زىلچىسىنى.
تاماشا قىلىشماقتا خېرىدارلار،
گىلەمدىن گۈل-چېچەكلەر جىلۋىسىنى.
بۇ گويا نۇسخىسى يورت گۈلزارىنىڭ،
ئەكسى بۇ ھور ۋەتەن نەۋ باھارىنىڭ.

ئېخ، موزدۇز ئالدىدىكى شۇ چىرايلىق
تىزىلغان توپلەيلەرنى يالتىرىتار،
تانكىستىن كوز ئۈزەلمەس ياش كېلىنچەك،

# ئاۋات بازار

قىزدۇرار قۇياش بازار ئاسمىنىنى،
ھەر ياندا ياڭراپ تۇرار لابا كۈيى.
ئادەملەر شەھەر تامان ئېقىپ كىرەر،
دېڭىزغا قۇيۇلغاندەك دەريا سۈيى.
مەن بازار كوچىسىنى كەزمەكتىمەن،
قەلبىمدە شېرىي ئىلھام سەزمەكتىمەن.

*           *           *

كوچىلار گىرەلەشكەن، ھەر كوچىدا،
يېيىلغان يېڭى ماللار يەرمەنكىسى.
بۇ ئەمەس مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى،
بۇ ئۆزى يۈكسىلىشىنىڭ چىن بەلگىسى.
بازارنى قىزىتماقتا بازارچىلار،
ھەر دىلنىڭ دەريا-دەريا بار شاتلىغى.

نەدىدۇر سامسېپەزنىڭ "غىچ ماي" دىگەن
ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ قۇلاقلارغا.

مېھنەتكەش ئەجداتلارغا ۋارىس ئۇلار،
شۇ ئۇچۇن جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرار.

كىگىزچى يايدى گۇللۇك كىگىزنى،
خېرىدار كوز تىكمەكتە مەپتۇن بولۇپ.
ياغاچچى ئالدىدىكى يېڭى ساندۇق،
ياسالغان ئەجەپ كوركەم نەقىش قويۇپ.
شۇنچىلىك پاراسەتنى تاپقاندۇ كىم؟!
پاراسەت ئەھلىگە قول قويمايدۇ كىم!

ئىسىلدۇر سېخى يازنىڭ نىمەتلىرى،
خىللىرى مېۋىلەرنىڭ تۇرلۇك-تۇمەن.
ئۇزۇملەر يالتىرايدۇ ياقۇت بولۇپ،
ئوخشىغان ئەنجۇر، ئانار ئەجەپ بەلەن
يۇرەكنى شىرىنلىگى قامىۋالار،
ئوتكەنلەر يىمىسىمۇ قارىۋالار.

دوۋىلەنگەن قوغۇن-تاۋۇز دوۋە-دوۋە،
يېرىم جىڭ ھەر شاپتۇلنىڭ ئېغىرلىغى.
ئەسلىتەر گويا دىخان قىزلىرىنىڭ
مەڭزىنى توغاچلارنىڭ قىزىللىغى.
يىگەنلەر دىيىشىدۇ: "شاخ مانتىسى"
بۇ ئوزى ئۇرۇك—بىزنىڭ يۇرت خورمىسى.

ئېرىنى موزدۇز ياققا ئالدىرىتار.
چاقىرار نەچچە ئون كوز بىشارەتتە،
دىمەككى ھونەرۋەنلەر تاپاۋەتتە.

كىيگۈزدى ئانا قىزىغا چىمەن دوپپا،
دوپپىسى قىزغا ئىسكەت بەخىش ئەتتى.
ئەينەككە قارىدى قىز، ئۇز ئۇزىگە،
زوقلىنىپ ئوماققىنە كۈلۈپ كەتتى.
دوپپىلار ياڭزا-ياڭزا گۈلگۈن ئەجەپ،
دوپپىچى ھۈنىرىدىن مەمنۇن ئەجەپ.

مىسكەرلەر سىلىقلايدۇ مىس چوگۈننى،
يۈزىدە مۈنچاق-مۈنچاق تەر تامچىسى.
مانا بۇ پىچاقچىنىڭ ماھارىتى،
كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ پىچاق بىسى.
نامايەن قىلار ئۇستا مېھنىتىنى،
قەدىمي يۇرتۇمنىڭ قول سەنئىتىنى.

بىر غۇلاچ ئورلەر ئىگىز يالقۇن تىلى،
تومۇرچى كەتمەن سوقار يەڭنى تۈرۈپ.
ئېرىيدۇ پولات گويا مومدەك بولۇپ،
شاكىچىك كۈرەك باسار تەرگە چومۇپ،

## بەدنىيەت

سىل كېسەلدەك سارغىيىپ ھەسرەتتە قالغان بەدنىيەت،
يۇرت ئارا كويدۇرگە دەپ ئۇنىۋاننى ئالغان بەدنىيەت،
شۇم خەۋەردەك ھەر تامان نامى تارالغان بەدنىيەت،
كوڭلى ئەنسىز ئوغرىدەك مەيداندا چانغان بەدنىيەت،
ئەندى چەتنەپ كوچىدىن تارچۇقتا ماڭغان بەدنىيەت.

بۇندىن ئۇچ-توت يىل بۇرۇن سەنــدەك تەكەببۇر يوق ئىدى،
سەن كەبى ئوز خەلقىغە ئاسى-ھەسەتخور يوق ئىدى،
ھەم سېنىڭچە بىنومۇس، ساتقىن تەپەككۇر يوق ئىدى،
قان ئىچىپ سەمرىيدىغان ئىبلىسچە مەپكۇر يوق ئىدى،
بىزگە دۇشمەن، ياۋ ئۇچۇن پەلۋان سانالغان بەدنىيەت.

قىلچىلىك مەنپەت، ھوقۇقنىڭ مېھرىگە چوپقەت بولۇپ،
توت ھازازۇل ئاستىدا خۇددى قاناتلىق ئات بولۇپ،
قامچا ئۇرسا ھېيتلىق ئالغان گاچا ئوخشاش شات بولۇپ،
تەخسكەشلىك كەسپىدە رىكورد ياراتقان زات بولۇپ،
خەلقى-ئالەم ئالدىدا رەسۋاسى چىققان بەدنىيەت.

چارۋا مال بازىرى زەپ سەلتەنەتلىك،
مەيدانغا چارۋا ماللار توشۇپ كەتكەن.
ئاپتاپتا سېمىز قويلار ھاسىرايدۇ،
قۇيرۇغى غىچ ماي بىلەن ئۇيۇپ كەتكەن.
دېخانلار مالنى شۇنداق بودايدىكەن،
خېرىدار ئۇزى كورۇپ تاللايدىكەن.

چاپتۇرۇپ كوردى تورۇق ئاتنى بىراۋ،
ۋە بىرى ئېشەكنى ماختاپ تۇرار.
قاسساپلار ئەگىپ يۇرەر ھوكۇزلەرنى،
بېدىكلەر قاسساپلارنى قىزىقتۇرار.
نەچچە يىل ئىلگىرىكى شورلۇق مەيدان،
بوپ قالدى كوكۇلدە زوق قوزغايدىغان.

بازاردا سان-ساناقسىز بازارچىلار،
ھەممىنىڭ ئېھتىياجى، سودىسى بار.
ئۇيىگە قايتماس ھېچكىم مەيۇسلىنىپ،
ھەر كىشى خالىغاننى سېتىپ ئالار.
ئەل ئۇچۇن داستىخىنى قات-قات بازار،
تېخىمۇ گۇللەنگۇسى ئاۋات بازار.

1979-يىل سېنتەبىر، ئۇرۇمچى.

سوغاق چۈشتى، ئۈيدە بەش بالا
يۈرەر قشلىق كىيىمسىز پېتى.

كېمى تولا بىر ئۆي دېگەننىڭ،
يۈكى ئېغىر ئىشچان دېخاننىڭ.
قىرو پەسلى قاتماقتا بېشى،
پولات مۇسكۇل-بىچارە جاننىڭ.

كەلتۈردى ئۇ سەپەرۋەرلىككە،
قىزلىرىنى، ئوغۇللىرىنى.
يىغىشتۇردى بىر كۈن ئىچىدە،
قالدۇق يەرنىڭ ھوسۇللىرىنى.

مومىن ئاكا يەكشەنبە كۈنى،
ھەجگە ماڭغان ئادەمدەك گويا.
قوناق ئالغان تاغارنى يۈدۈپ،
"بىسمىللا" دەپ ئاتلاپ بوسۇغا.

ساتماق بولۇپ ئۆز ئاشلىغىنى،
ئىشەنچ بىلەن بازارغا ماڭدى.
خوتۇنى ۋە ئۇششاق باللىرى،
ئۈمىت بىلەن ئۆزىتىپ قالدى.

دۋەيلىگەچ ئېشەكنى بەزەن،
لەۋلىرىنى يالاپ قويىدۇ.
ئاستىدىكى گۈللۈك خورجۇننى
ۋە بەزىدە سىلاپ قويىدۇ.

بۈگۈنغۇ ئۇ قايتتى بازاردىن،
ھىيتلىق ئالغان بالىدەك كۈلۈپ.
بىراق قايتقان چاغلىرى بولغان
كوز يېشىنى يامغۇردەك توكۇپ.

دەل بۇنىڭدىن توت يىل مۇقەددەم،
شۇ بازاردىن مۇشۇ يول بىلەن.
قايتىپ ماڭغان ئۇيگە پىيادە،
بېشى توۋەن يۇرەكتە ئەلەم.

مومىن ئاكا تىرىشچان دىخان،
قان-تەر بىلەن مايسا سۇغۇرۇپ.
ئېتىزلاردا ئوتكەزدى يازنى،
زىرائەتكە پەرۋانە بولۇپ.

كۈزلۈك ھوسۇل يىغىۋېلىندى،
دارامەتنىڭ ۋاقتى بار تېخى.

پىغان بىلەن تولغاندى دېخان،
پەرياتلىرى قۇچتى پەلەكنى.

قوغلىدى ئۇ ئۇزىنىڭ مۈلكنى،
ئۇ قوغلىدى مول ھوسۇلىنى.
ئۇ قوغلىدى ئالتۇن باشاقنى،
ئۇز ئۇيىنىڭ جان ھوزۇرىنى.

ئۇ قوغلىدى بار كۈچى بىلەن،
ئۇ قوغلىدى بالىلىرى ئۇچۇن.
ئۇ قوغلىدى يىقىلىپ-قوپۇپ،
لاغىلداپتى ۋۇجۇدى پۈتۈن.

قوغلاپ يەتتى "كادىرلار"نى ئۇ،
ئايىغىغا ئۇزىنى ئاتتى.
"جاناپ"لارنىڭ سويدى پۈتىنى،
كوز ياشلىرى سەل بولۇپ ئاقتى.

بوشقا كەتتى مومىن دېخاننىڭ
ئۈمىت بىلەن يۈگرەپ بارغىنى.
ھە، راست ئۇمۇ قۇرۇق قايتمىدى،
پەشۋا بولدى ئىنئام ئالغىنى.

بېشىغا كۈن چۈشمىسە ئەگەر،
ساتارمىدى ئاشلىغىنى ئۇ.
ساتارمىدى مۇھتاج بولمىسا،
ھاياتىنىڭ ئوزۇغىنى ئۇ.

ساددا دېخان خالتا كوچىدا
ئەيمەنمەستىن تاغارنى قويۇپ،
تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئەمدىلا،
سودىسىنى قىلماقچى بولۇپ.

تۇراتتى-دە ئاشۇ ئارىدا
بىرسى "قاچ" دەپ ۋاقىراپ قالدى.
ھەممە قاچتى كوچا-كوچىغا
بىراق دېخان گاڭگىراپ قالدى.

بىر توپ كىشى قورشىدى ئۇنى،
ئۇششۇك تەككەن ھەرىدەك بولۇپ.
تەلەتىدىن شۇملۇق ياغدۇرۇپ،
غالجىر ئىتتەك پەيلىنى بۇزۇپ.

ئاشلىغىنى ئېپ كەتتى ئۇلار،
ئېپ كەتكەندەك يۇلۇپ يۈرەكنى.

يالاڭغاياق قالغان بالىلار
ۋە ئۇلارنىڭ دىلكەش ئانىسى.

تېگى يوق ئۆي، چېكىش خىياللار
چىرمىۋالغان ئەقلى ـ ھوشنى.
گەر خۇدايىم بولسا شۇ تاپتا
ئەۋەتسىدى ئەجەل قوشنى.

جېنىدىن جاق تويغان كىشىگە،
نېچۈن كەلمەس ئاشۇنداق ئاڭمۇ؟!
ئەس ـ يادىنى يىغالمايدۇ ئۇ،
ئۆزى شۇ تاپ ئوڭمۇ ـ ساراڭمۇ.

مېڭىپ ـ مېڭىپ كەلدى مەلىگە،
ئۆيگە كىردى ئىشىكنى ئېچىپ.
چۇقۇرۇشۇپ كەلدى بالىلار،
دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ.

تەلمۈرىدۇ ئۆز ئاتىسىغا،
تۆپۈرۈگنى يۇتۇپ بالىلار.
تەلمۈرىدۇ كوز قارچۇقلىرى،
نامرات ئۆيگە ئەتىۋا جانلار.

كورۇنمەكتە ئۇنىڭ كوزىگە،
يەرۇ-ئاسمان بولۇپ قاراڭغۇ.
ئۇ ئوزىگە قويماقتا سوئال،
نىمە كۇنلەر، قانداق جاھان بۇ؟

مىڭلاپ ئادەم يۇرگەن بۇ بازار،
تار قەپەزدەك تۇيۇلىدى ئاڭا.
ئەزىز يۇرتى، ئانا ماكانى،
بۇ ئەمەستەك بىلىندى ئاڭا.

ئاق سانچىغان ساقال-بۇرۇتى،
كوز ياش بىلەن يۇيۇپ تارالدى.
بۇ يەكشەنبە مومىن ئاكىغا
مۇسبەتلىك كۇن بوپ سانالدى.

ئوز ئويىگە قاراپ ماڭدى ئۇ،
يۇرىگىنى ئەزمەكتە پىغان.
نىچۇن ئەمگەك مۇشىگمۇ
ئوزى ئىگە بولالماس ئىنسان؟

ئۇ ماڭدۇ پۇت-قولى جانسىز،
كوز ئالدىدا ئوز ئائىلىسى.

دىلغا ياقتى يېڭى سىياسەت،
تەر تۆككەننىڭ بولدى راھىتى.

يىغىۋالدى كۆزلۈك يىغىمنى،
شات دېخانلار ئىشلەپ جاپالىق.
كېڭەيمەكتە خامان كۆلىمى،
ئىسكىلاتلار قىلماقتا تارلىق.

مۆمىن ئاكا مەردانە دېخان،
دۆي ئىشنى پۇتتۇرۇپ بولۇپ.
تۇتۇش قىلدى قالدۇق يېرىگە،
ھوسۇلنى يىغدى روھلىنىپ.

باياشاتلىق شۇدۇر دېخانغا،
ئاشلىق بىلەن تولدى بىر ئۆيى.
دەۋرىمىزگە بۇ ئائىلىنىڭ
چىن مەنىدىن ياڭرىدى كۈيى.

ئۆز دۆيىدىن ئالغان ئاشلىغى،
تەمىناتقا يېتىپ ئاشىدۇ.
قالدۇق يەردىن ئالغان ھوسۇلنى
چاشقان كېلىپ باپلاۋاتىدۇ.

شۇنداق چاغدا يېرىلىدى يەر،
يوشۇرۇنسا تەكتىگە كىشى.
ياكى بولسا قانىتى ئۇچۇپ
كەتسە كوكنىڭ قەرىگە كىشى.

مەگدەپ قالدى "گۇناھكار" ئاتا،
سقىلماقتا ئازاپلىق يۇرەك.
تۇتۇلۇپلا قالدى زۇۋانى،
بوغۇزىغا پاتقاندەك سوگەك.

ھەممە تاپتى ۋەقەدىن خەۋەر،
كوز يۇمىدى ھېچكىم شۇ كېچە.
مۇسىبەتتە ئۇتتى ئوي ئىچى،
قانچە ھەپتە، قانچە ئايغىچە.

ئۇنىڭ ئىشى بۇگۇن باشقىچە،
چىن دىلىدىن ھەقلىق كۇلۇشكە.
شاتلىغىنىڭ سىرى نەدىدۇر،
يۇمۇلمايدۇ ئاغزى ئىمىشكە؟!

* * *

بۇ يىل ئەجەپ ئوخشىدى ھوسۇل،
دېخانلارنىڭ كەلدى ئامىتى.

مېھنەتكەشنىڭ چىقتى ھاردۇغى،
خوشال تەپتى بەختىيار يۈرەك.

مومىن ئاكا شاتلىق ئىچىدە،
دۇكانلارنى كەزمەكتە شۇ تاپ.
ئۆز ئۆزىنى مۇشۇ بازارنىڭ
خوجايىنى سەزمەكتە شۇ تاپ.

تۈرلۈك ئېسىل ماللار ئىچىدىن
تاللاپ يۇرۇپ ئوبدانىنى ئالدى.
خورجۇنىنىڭ ھەر ئىككى كوزى،
بىر پەستىلا پومپىيىپ قالدى.

مومىن ئاكا قايتتى ئۆيىگە،
كوزلىرىدە چاقنايدۇ چىقىن.
دەيسەن ئۇنىڭ چېھرىگە قاراپ،
خىزىر بىلەن ئۇچراشتىمىكىن.

كۆلىدۇ ئۇ، كۆلىدۇ يەنە،
دىۋىتىدۇ ئېشەكنى تىنماي.
ئۇ كۆلىدۇ ئىچى-ئىچىدىن،
شاتلىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي.

مۇھتاجلىقتا يوقسۇزلۇق غېمى،
ئارتۇق چاغدا قوغداشـنىڭ جېگى.
ئالتۇن دانلار ـــ ساپ تەر مىۋىـسى
بولمىسىدى چاشقانـىنىڭ يېمى.

پىكىرلىشىپ مەسلىھەت سېلىپ،
باللارنىڭ ئانىسىغا ئۇ.
بېسىۋالدى ئۇچ تاغار ئاشلىق،
شياۋدۇيىنىڭ ھارۋىسىغا ئۇ.

تەمكىن، تېتىك كىـردى بازارغا،
غەمكىن خىيال سۇرگىنىمۇ يوق.
خۇدۇكسىنىپ ئارقا كوچىدا،
تايدەك ئۇركۇپ يۇرگىـنىمۇ يوق.

ھـارۋا بىلەن مەردانە يۇرۇپ،
باردى ئاشلىق پونكىتىغىلا.
مومىن ئاكا قارشى ئېلىندى.
بۇ يەردىكى يولداشلار ئارا.

ئاشلىغىنى ئاشكارا سېتىپ،
پۇل ئالدى ئۇ ئوچۇم تۇشقىدەك.

يېشى توشقان بولسا ئوغلىنىڭ،
ئويلەر ئىدى ھەتتا يىگىتمۇ.

ئويلىغانچە مومىن ئاكىنىڭ،
نۇرلىنىدۇ كۆندە چېھرىسى.
كوپ دەۋرنى كورگەن قەلبىدىن،
جاراڭلايدۇ بەخت كۈلكىسى.

ئۇ كۈلىدۇ پارلاق زاماندەك،
كۈلكىسىنىڭ مەزمۇنى چەكسىز.
ئۇ كۈلىدۇ سوتسىيالىزىمغا
قايىل بولۇپ، ئىشىنىپ شەكسىز.

* * *

يېڭى قانۇن، يېڭى سىياسەت،
ئىلھام بەردى ئىشچان دىخانغا.
مەمنۇن بولۇپ ئۇز تەلىيىڭدىن،
كۈلگىن دىخان يېتىپ ئارمانغا.

ئۇ كىرىدۇ ئۆيىگە بۈگۈن،
يىغلىماستىن، كۈلۈپ يېقىملىق.
خوتۇنى ۋە بالىلىرىنىڭ
ئالدىدا ھېچ تارتماس خىجىللىق.

چۈنكى ئۇنىڭ خورجىنىدا بار،
باللارنىڭ قىشلىق كىيىمى.
يانچۇقىدا پۇلى بار ئۇنىڭ،
بۇ يىل قىشتىن يوق قىلچە غېمى.

بىرەر-ئىككى ھەپتىدىن كېيىن،
ئالار تېخى دارامىتىنى.
كورىدۇ ئۇ ئەندى بولەكتىن
كوللىكتىپنىڭ پاراغىتىنى.

مومىن ئاكا—ساپ دىل دېخاننىڭ،
ئويلىرى كوپ، پىلانى تولا.
ئالماقچى ئۇ ئېشەك ھارۋىسى،
تەقسىماتتا تەككەن پۇلىغا.

سېتىۋېلىش نىيىتىمۇ بار،
چوڭ ئوغلىغا ۋەلىسىپىتمۇ.

شوھرەت تەلەپ قىلمايدۇ بۇركۈت ھېچقاچان،
تەييار لېكىن قوزغۇنغا دەل ئاتلانغىلى.

* * *

بىۋاپا يار ئالدىدا سوز ئاقمىدى.
يۈرىكىم ئورتەندى-يۇ، ياش ئاقمىدى.
چىرمىماستا مېنى ئىشقىنىڭ زەنجىرى،
ئېيتقىنا، رەڭگىم قىرودەك ئاقمىدى.

* * *

دۇنيا ئەسلى بولغاندا بىنا
ئەپچىللەرگە تەئەللۇق ئىدى.
كوپلەر بىلمەي توغۇلۇپ قالدى،
سورەلمىگە ئورۇن يوق ئىدى.

* * *

بۇ جاھاننىڭ ھىكمىتى شۇ دوستلىرىم سالغىن قۇلاق،
تەلىيى ئوڭلارغا جەننەت، تەلىيى كاجغا دوزاق.
ئەجرى توككەنگە سېخىدۇر، ئەھلى يالقاۋغا بېخىل،
بىئەقىللەرگە باياۋان، زېھنى بارلارغا بۇلاق.

* * *

ساپ دىل بولسا ئىنسان بالىسى،
راست سوزلىسە، يالغان قاتمىسا.
غۇرۇر بىلەن ئوتسە جاھاندىن،
باش كەتسىمۇ ۋىجدان ساتمىسا.

# پارچىلار

ئىلان پوستىنى تاشلايدۇ، ئەمما
تاشلىمايدۇ خۇلقى-پەيلىنى.
قۇشخانىغا ئۈگەنگەن ئىتلار،
ئۈزەلمەيدۇ قاندىن مەيلىنى.

* * *

كوپىنچە ۋاقىتلاردا ياخشى ئادەم،
ئوزىنى تۇتالايدۇ يامانلىقتىن.
ئىنسانىنىڭ مەن-مەن دىگەن داناسىمۇ،
ھىچقاچان ساقلىنالماس نادانلىقتىن.

* * *

ئىگىسىز بىچارە قوينىڭ ئولمىگى،
گوش خۇمار يىرتقۇچ ئۈچۈن بەزمە ئىكەن.
تولغىنىپ خورلۇقتا ياتقان بەندىنىڭ
ھەسرىتى، ساتقىن ئۈچۈن نەزمە ئىكەن.

* * *

ئامراق سىغىزخان شوخلىنىپ ماختانغىلى،
سازاڭ موكەر كۈن نۇرىدىن ساقلانغىلى.

ئۇرغۇدى كوڭلۇڭدە ئەمگەككە، مۇھەببەت باشقىدىن،
تەلمۈرۈپ كۆتكەن ئۈمىتىنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن دىخان.

ئۆتتى ئەمما ئۇن يىل ئومرۇڭ ئاھ ئۇرۇپ، زەرداپ يۇتۇپ،
پۈتتى ئالۋاستى چوقانىدىن قۇلاغىڭ گاس بولۇپ،
مايسىلارغا تەگدى ئۇششۇك، كەتتى قۇت-بەركەت قۇرۇپ،
كەتتى ئارزۇيۇڭ بورانغا ئۇچرىغان گۈلدەك توزۇپ،
شۇل زامانىنىڭ تارلىغىدىن قايغۇغا چوككەن دىخان.

تىرنىغىڭ قان بولدى ئۆپراپ قىشتا تاش تاتىلاپ يۈرۈپ،
چارچىدىڭ كوكلەمدە قوش ھەيدەپ، ھوكۈز قوغلاپ يۈرۈپ،
ئوما ئورۇدۇڭ سەن ئىتىزدا يازلىغى ئايلاپ يۈرۈپ،
مۈكچىيىپ خامانى ئالدىڭ كۈزدە جان قىيناپ يۈرۈپ،
توت پارازىت دەستىدىن دەرمانىدىن كەتكەن دىخان.

كەلدى لۈشيەن تەھدىدى ھويلاڭغا، قالدۇق يەرگىمۇ،
چۈشتى تەشۋىش-ئەندىشە ئۇچكەڭگىمۇ، كەپتەرگىمۇ،
كەلمىدى بىر دان چىكەڭدىن تامچىغان بىر تەرگىمۇ،
يىلدا بىر پۇڭ ئاشمىدى سەندەك زەبەردەس ئەرگىمۇ،
ئاھ ئۇرۇپ كاج تەلىيدىن دەرت-پىغان چەككەن دىخان.

* * *

تا ئەزەلدىن ئىشتىياق دېگەن،
ۋىجدانى پاك ئىنسانلارغا خاس.
ئىشتىياقتىن خالى كۆڭۈلدە،
ئۆمۈرۋايەت ئىستەك تۇغۇلماس.

1974 — 1979 ـ يىللار.

# دېخان

(10 يىللىق سىياسى ئاپەتتە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ھازىر قايتىدىن قەد كۆتەرگەن دېخانلار ئاممىسىغا بېغىشلايمەن.)

ھور ماكان ئىچىدە بولەكتىن ئامىتى كەلگەن دېخان،
ئامىتىدىن زوقلىنىپ چىن قەلبىدىن كۈلگەن دېخان،
ئەمدى جىك سوتسىيالىزىمنىڭ باغىنى كورگەن دېخان،
شۇ گۈزەل گۈلشەندە دۈلدۈلدەك چېپىپ يۈرگەن دېخان،
چىن ھاياتنىڭ لايىھەسىنى قايتىدىن تۈزگەن دېخان.

قايىندى مېھنەتكە سەندە كۈچ، جاسارەت باشقىدىن،
پۈتتى ئۈستۈڭدىكى قەرز، ئالدىڭ دارامەت باشقىدىن،
تاپتىڭ يۈزلۈكلەر قاتارى قەدرى ـ قىممەت باشقىدىن،

ئېخىمۇ دادىل قۇرۇپ چىق غايىۋى يۈكسەك پىلان،
بارچە ئىمكانىڭ تولۇق ئۆز بەختىنى سۆيگەن دېخان.

1980 -يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## پۇرسەتپەرەسكە

ئېرمومېتىر
ئېمپېراتۇرىنى ئۆلچىسە قانداق،
ماھىر سودىگەر
بازارنىڭ ۋەزىيەت، ئېھتىياجىنى
ھېچ خاتاسىز
پايقايدۇ شۇنداق.
شۇڭا ئۇنىڭ بازىرى
كاسات بولماي ئېقىپ تۇرىدۇ.
ئامەتمۇ ئۇنىڭغا
ئالدانغان قىزلاردەك
نازلىق بېقىپ تۇرىدۇ.
پۇرسەتپەرەسمۇ،
خۇددى سودىگەرنىڭ ئۆزى.

غەيرىتىڭ مەرتلەرگە خاس، بار سەندە پەرھات خىسلىتى،
ئالغىنىڭ مىڭلاپ قاداق، بۇ مېھنىتىڭنىڭ زىننىتى،
بولمىغاچ تەرلەپ- پىشىپ قىلغان ئىشىڭنىڭ قىممىتى،
مۇڭلىنىپ دىدىڭ شۇ چاغ، شۇمۇ دېخاننىڭ قىسمىتى؟
كوز يېشىنى نەۋ باھار يامغۇرىدەك توككەن دېخان.

ئېيتقىنا تاڭ ۋەسلىدىن شۇنداقمىدى كۈتكەنلىرىڭ،
نەگە كەتتى سەن ئازاتلىق كۈنلىرى كۈلگەنلىرىڭ،
نەگە كەتتى يەر بولۇپ، بايرام قىلىپ يۈرگەنلىرىڭ،
كەلگۈسى ئۆمرۈڭ ئۈچۈن تاتلىق خىيال سۈرگەنلىرىڭ،
ئون يىلى گوياكى لاي سۇدەك ئېقىپ ئۆتكەن دېخان.

ۋەھىملىك چۈشتەك ئۆتۈپ كەتتى ئۇ كۈن، شۇم سايىلار،
ئەندى دولەت نامىدىن ئالۋاڭ سالالماس لويىلار،
سۇردى بىخ ئەركىڭ ۋە بەختىڭ باغىدا گۈل- لالىلار،
چۈنكى بار بىزدە يېڭى قانۇن ۋە ئادىل داھىلار،
ھە شۇڭا مېھنەتكە قايتا يەڭنى چىڭ تۈرگەن دېخان.

جان تىكىپ ئىشلە دېخان، پەيتىڭ سېنىڭ ئىشلەيدىغان،
ھوكمى زەپ لىللا زامان بۇ، ئىشلىگەن چىشلەيدىغان،
كوپكە باق، ھەق يولدا ماڭ، ئەجرىڭنى توك، باي بول ھامان،

تۇتۇلغاندا "4 كىشىلىك گورۇھ"،
ئاقاندا كوچىدا نامايىش سېپى،
ھوررا ساداسىغا چۆمگەن قاتار بېشىدا،
ئۇن يىللاپ دەرت تارتقان باشلىق قېشىدا،
ھاياجىنىنى باسالماي
شوئار توۋلاپ بارار ئىدى ئۇ،
"زوراۋانلار بىلەن كۆرەش قىلغۇچى —
قەھرىمان" پېتى.

"قوشۇن تازىلاش" تا
ئۇنىڭ قارىلىشى، تەستىقى بىلەن،
خىزمىتىدىن ۋە مۇئاشىدىن
ئايرىلىپ قوغلانغان بىگۇنا بەندە،
ئۇتتى قانچە يىل
سەرگەردان بولۇپ،
ئەلەمدە-غەمدە.
بىچارە دەرتمەن،
سىياسەتنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش،
ئۇۋال قىلغانىنى قايتا تەكشۈرۈش
دىگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان دەمدە،
تاپىنى تىلىنسىمۇ تاغ يوللىرىدا،
سەزمەي يول ئازاۋىنى خوشاللىغىدا،

بىر مىنۇتمۇ بىخۇت ئەمەس ئۇ—
سىياسى ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىدە
ئۇنىڭ قۇلىقى،
ئەقلى ۋە كوزى.
ئوقچىلارغا قارشى كۇرەشتە
سولچى بولۇپ تونۇلغان كىشى،
پولات تاۋلاش يىللىرى
شەھەر ئالدى ئاغزىدا تالاي،
شۇڭا ئوقغا تارتتى
سودىسى-ئىشى.
تەبىي ئاپەتنىڭ ئۇششۇكلىرىگە
دۇچار بولۇپ ۋەتەن باغلىرى،
خامان ئالغۇچى
بىر تاۋاق تىرىققا تەشنا چاغلىرى،
بىكار ئەمەس ئۇنىڭ سەمرىشى.

"هوقۇقدار"نى تارتىپ چىقىشتا،
قىزىل بوران يامرىغان چېغى،
ئولۇك يولۋاسنى كالتەكلەپ يۇرۇپ،
گوپپاكچىلار ئارىسىدا
ئاشتى هورمىتى
ۋە تارالدى "ئىسيانكار" ئېتى.

مەن، ئاشۇ
سىز "ئىنقىلاپچى" بولغان يىللىرى،
ئالدىڭىزدا ھېساپ بېرىپ يۈرگۈچى
كونا "گىزەندە".

ئاندىن باشلىق ئېسىنى يىغىپ،
ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشكە ھەيران-ھەس قىلىپ،
ئېيتتى ئۇنىڭغا:
— ھە، بۇ... سەن ئىكەنسەندە!
ئۇ چاغلاردا قىزىق بازاردا،
سېنىڭ ئىشىڭدا
سەۋەن كەتكەن تەرەپلەرمۇ بار.
بىراق، ئېيتقىنا
قىلچىلىك داغ يوقمىدى سەندە؟
ھە، شۇنداقتىمۇ،
بۇ بىچارە ھالىڭنى كورۇپ،
كەتتى ئېچىشىپ
ۋاپادار يۈرىگىم-ۋىژدان بۇلىغى.
بۇ ئاي، بۇ كۈندە،
دەرتمەنلەرنىڭ تەقدىرى گويا
ئالدىمىدىكى شاخمات ئورۇغى.
ئەينى يىللاردىكى خاتالىقىڭنى،
ئادەم بولۇش قارارلىرىڭنى،

ئۇتكۈزۈپ ساي، ئۆڭكۈردە قانچە كېچىنى،
كەلدى تەلپۈنۈپ ئاخىرى شەھەرگە.
دەرماندىن كېتەي دىگەندە.
سوراشتۇرۇپ-سۈرۈشتە قىلىپ،
ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە،
ھىجىيىپ ئولتۇراتتى ئۈستەل ئالدىدا،
يەنە ئاشۇ
"تەۋەرۈك ئەرباپ"
شۇ زەھەرخەندە.
دەرتمەن دەرتلىك ئاۋازى بىلەن،
ئىشخانىنى تولدۇرۇپ مۈڭ-زارى بىلەن،
ئېيتتى چارىسىز،
يېلىنىپ تۇرۇپ
قىلىنغانلىغىنى خارۇ-دەپسەندە.
ئىسەڭكىرەپ قالغان كاتتىۋاش،
سورىدى سوئال،
—ئېيتقىنا قېنى
ئۇزەڭ كىم سەن،
قەيەرلىك بەندە؟
—ئۇنۇتتىڭىزمۇ؟!
ئەمەسمىدۇق ئۇزاقتىن بېرى
خىزمەتداش ھەم قەدىناس سەپداش،

ئۇنگە بولدى قانلىق ساۋاقتا.
كىمكى باشقىنى بىلىق ھېساپلاپ،
يەمچۈك تاشلاپ ئالدىماق بولسا،
ئۆلىنىدۇ ئۆزى قارماقتا.

1980-يىل فېۋرال. ئۈرۈمچى.

## ئوكۈزگە مەدھىيە

تەبىەت دۇنياسىدا
سەن بۇرۇن يارالغانمۇ ياكى ئىنسانمۇ
بۇ توغرىدا ساۋادىم تۇتۇق.
بىراق قەلبىمدە،
ئەي، جېنى تومۇر قەدىردان جانىۋار،
ھۆرمىتىڭ ئۇلۇغ.
چۈنكى سەن،
ئادەم بالىسى
بۇقۇسا تۇتۇشنى بىلگەندىن بېرى،
كەلدىڭ ئۇلارنىڭ ھەمراسى بولۇپ.
شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە،

تاپشۇرغىن يېزىپ،
ساڭىمۇ چۈشۈپ قالسۇن كۆڭلىنىڭ يۇرۇغى...

*    *    *

ئۈيۈشقاقچقا بىر نىشان ئۈچۈن،
پايانسىز ۋەتەنىنىڭ ھەممە جايلىرى.
توپىلاڭ ئارا
توقاچ ئوغرىلاش ماھىرلىرىنىڭ
قولغا چۈشتى بىر تالايلىرى.
ۋە لېكىن يەنە،
غەلەت قىلىپ كوپىنىڭ كوزىنى،
توغرىلاپ بۇ يېڭى مۇقامغا،
(دىلى ئەمەس) پەقەت سوزىنى.
بىرلىك ئۈچۈن، چوڭ نىشان ئۈچۈن
بولۇپ توسالغۇ،
يۈرۈشمەكتە بەزىبىرلىرى
باشقا رەڭدە بوياپ يۈزىنى،
"ئىتتىپاقلىقنىڭ زەپەر مارشىنى
ياڭراتقۇچى" قىلىپ ئوزىنى.
بۇ يەڭلىغ،
ئالا كوڭۇل پۇرسەتپەرەسنىڭ
بارماس ئەندى ئومرى ئۇزاققا.
چۈنكى خەلقىمىز

پولاتتەك چىدام،
ئۇرغۇپ تۇرىدۇ جىسمىڭدا سىنىڭ،
كۈچ-قۇۋۋەت تولۇق.
مىھنەتتۇر ئىشىڭ،
ئۆمرۈڭ مىھنەتتە ئۆتىدۇ پەقەت.
ئەمما، ھىچقاچان،
ھىچبىر كىشىدىن
ھەققىڭنى سۈرۈشتە قىلمايسەن ئەبەت.
تارىختىن بېرى
ئاشۇ پېتى كەلدىڭ سەن ياشاپ؛
تەرلىرىڭنى،
ھاياتىڭنى
كىشىلەرنىڭ بەختىگە ئاتاپ.
بوقۇسلار، ساپانلار تېخى
تارىخىي مۇزېيدىن ئالىدۇ ئورۇن،
چۈشەندۇرگەندە نەۋرىلەرگە بىز،
بۇ ئەگرى ياغاچنىڭ ئىملىگىنى،
سىنىڭ توھپەڭنى قىلىمىز بايان.
بۇ توغرىدا بولغاندا پاراڭ،
سىنىڭ مىسلى تەڭداشسىز رولۇڭ
كىشىلەر كوڭلىدە بولىدۇ ئايان.
دىمەك،

كورۈنسەن ھامان
بارچە مەخلۇقلارنىڭ بەرناسى بولۇپ.
قالىغاچ بەرگەندە كوكلەمدىن خەۋەر،
پەيدا بولىسەن ھەممىدىن بۇرۇن،
ھور كوتىرىلىپ تۇرغان قىرنىڭ باغرىدا؛
قوللىرى قاداق،
بىراق ۋۇجۇدى
ئۇمىت بىلەن ياشارغان دىخان ئالدىدا.
تونۇر تەپتىدەك تومۇز ئىسسىغى،
ئوتەر ئومرۇڭ خامان يۇمشتىپ.
كۈز ئايلىرىدا
بويۇنلىرىڭ بولىدۇ يىغىر،
قاتقان تۇپراقنى قايتا بوشتىپ.
قار كىچىپ يۇرۇپ
قەھرىتانلىق ئاياز كۈنلىرى،
دىخان ئۇچۇن توشۇيسەن ئوتۇن.
قش كىچىلىرى تارتىسەن جۇۋاز،
ئاھ، بۇ كۈنلەرنىڭ تۈنلىرى ئۇزۇن...
پەقەتلا ئوت-خەس،
ھەمىشە شۇدۇر،
سىنىڭ ئۇچۇن يىمەكلىك-ئوزۇق.
بىراق سەندە بار

ئاڭلاۋاتىدۇ خەقلەر ئۈنتىلىپ.
چۈنكى
بۇ ناخشىلار
كەتمەكتە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە سىڭىپ.
بىراق بىز نېمە قىلىمىز
ھەسەت ئىچىدە ئوت بولۇپ يېنىپ،
تىت-تىت بولۇپ ھەسرەتلىك تىنىپ.
ئۇلار بىزنىڭ ئۆز ئەۋلادىمىز،
بىزنىڭ ھۆرمەت تاجىمىزنى ھېچ
ئۆز بېشىغا ئالمايدۇ كىيىپ.
ئۇلار پەقەت،
بۇ ئەزىز تۇپراقنىڭ شان-شەۋكىتىنى
تارقىتىدۇ قىتئەلەر ئارا
پەرۋاز قىلىپ، كەڭ قانات يېيىپ.
يېڭىلمەستۇر يېڭى كۈچ دىگەن،
ئۇلار كەتسۇن بىزلەردىن ئېشىپ.
ياشلار ئۈچۈن، ئىزباسار ئۈچۈن،
بىز بېرەيلى داغدام يول ئېچىپ.
چۈنكى، ئاشۇلار
بىزنىڭ ئارزۇ-قىياسلىرىمىزنى
ئاشۇرىدۇ ئەمەلگە،
ياشنىسۇن ئۇلارنىڭ ئىجات مېۋىسى،

سىنىڭ ئەجرى ـ توھپەڭنى
ئۇنتۇمايدۇ مىھنەتكەش دىخان.
ئۇنتۇمايدۇ سانائەت دەۋرى،
ئۇنتۇمايدۇ تارىخ ھىچقاچان.

1980 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## بىر دوستۇمغا مەسلىھەت

قارا دوستۇم
كېلىۋاتىدۇ،
ئارقىمىزدىن ئەنە،
تالايلىغان ياشلار ئىز بىسىپ.
ئۇلار كېلىۋاتىدۇ بەيگە ئىچىدە
زەپەر سازىنى ياڭرىتىپ چېلىپ.
ئۇلار كېلىۋاتىدۇ بۈگۈن، ئەتىنىڭ
ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ.
ئۇلار كېلىۋاتىدۇ كەشپىياتتىن نىشانە بىرىپ،
ھەممە توسقۇنلارنى يىمىرىپ ـ يىرىپ.
ئۇلارنىڭ جاراڭلىق ناخشىلىرىنى

«ئىست» دىدىڭ تىترىدى لىۋىڭ،
چىرمىشىپ ئاچچىق خىيال تورىغا،
بىر هازا تۇرۇپ قالدىڭ شۇ تەرىقىدە.
بىلسەم ئەسلى ئىشنىڭ تەكتىنى:
يېزىلىپتۇ خېلى تۆۋەنگە
سېنىڭ ئىسمىڭ مۇندەرىجىدە.
ئېيتقىنا دوستۇم،
مۇھەببىتىڭ، نەپرىتىڭ
باغلىقمىدى شۇنچىلىك ئىشقا؟
بىر كۈلكىلىك كورۈنۈش، بىلسەڭ،
ھەردەم تەييار تۇرۇشۇڭ سېنىڭ
جەڭگە تەييار جەڭچىدەك گويا،
چىشلىرىڭنى غۇچۇرلىتىشقا.
ئولچەنمەيدۇ ئادەم سالمىغى
كىتاپ بېتىدە قانداق تىزىشتا.
گەپ،
مىليونلىغان خەلقىمىز ئارا،
كۆڭۈللەر مۇندەرىجىسىدە ئورۇن ئېلىشتا.

1980 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

چېچەك ئېچىپ، خۇشپۇراق چېچىپ.
يەنە دەيمەن: بىز يول بېرەيلى
ئۇلار ئۇچۇن،
چۇنكى شۇلاردۇر،
بىز قازا تاپقاندا تاۋۇت بېشىدا،
ماتەم سوزى سوزلەيدىغانمۇ،
بىزگە گۇمبەز تىكلەيدىغانمۇ،
قەۋرىمىزنى تۇزلەيدىغانمۇ.

1980-يىل مارت، ئۇرۇمچى.

## كوڭۇللەر مۇندەرىجىسىدە...

يېڭى توپلامنى ئالدىڭ قولۇڭغا،
ئۇنى كورۇش ئىستىگى
يېلىنجىدى قەلبىڭدە ئوتتەك.
كوز يۇگۇرتتۇڭ مۇندەرىجىگە،
ئۇچتى توساتتىن چېھرىڭدە كۇلكە.
قاپىغىڭ سېلىندى يامغۇر ئالدىدىن
گويا تۇرۇلگەن سۇرلۇك بۇلۇتتەك.

ئەنە شۇ چاغدا،
ساڭا تەئەللۇق بولغۇسى
كېلىچەك دۇنيا،
پارلاق كەلگۈسى.

1980-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## "ئىنقىلاپ ئۈچۈن"

يولەپ كىردى خىزمەتداشلىرى،
چوڭ دادامنى ئىشكتىن ئەنە.
ھالى يامان ئۇنىڭ (ئېھتىمال
قان بېسىمى ئۆرلەپتۇ يەنە.)

دورا ئىچىپ بىر پەستىن كېيىن،
ئاستا-ئاستا كەتتى ئۇخلاپ.
ئاخىرقى رەت خىزمەت ئىشلىمەك،
بولدۇم ئاڭا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ:

—ئۆزۈن يىللىق باشلىق سەن دادا،
قالدى يېشىڭ سەكسەنگە بېرىپ.

## ئوغلۇمغا

ئەي ئوغلۇم!
كوڭلۇمنىڭ ئارامى،
ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر پارچىسى،
ھاياتىمنىڭ داۋامى.
ئوسكىن تىرىك ئادەم بولۇپ،
بولۇپ قالمىغىن جانسىز،
كولەڭگەم ـ سايەم،
ۋۇجۇدۇڭدا قىلسۇن تەنتەنە
ئارزۇيۇم ـ غايەم.
يېتىلگىن روھىمنىڭ ئوبرازى بولۇپ،
ۋە بولغىن
ئېگىلمەس ـ سۇنماس
ئىرادەمنىڭ نامايەندىسى.
كوتەرگىن چىدام بىلەن
قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ
ئىلىم ـ پەننىڭ يۇكى ـ جەۋرىسى.

ئۇ يىقىلدى، دوختۇرغا چاپتىم،
ماشىنا دەپ "ئىنقىلاپ ئۇچۇن".

1980-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## تۈگىمەس ئەتە

كەلدىم ئىزدەپ رەھبەرلىكنى مەن،
ئۆز ھالىمنى ئىپتىماقچى بولۇپ.
چەكتىم باشلىق ئىشخانىسىنىڭ
ئىشىگىنى ئەيمىنىپ تۇرۇپ.

مۇدىر چىقتى كۈلۈپ مۇلايىم،
سوز باشلىدىم تەلپۈنۈپ ئاڭا.
"بىز دەل مۇھىم يىغىن ئۈستىدە،
ئەتە كېلىڭ" دىدى ئۇ ماڭا.

قايتىپ كەتتىم چوڭ ئىشەنچ بىلەن،
ئۈمىت بىلەن كەلدىم ئەتىسى.
يىغىن بولغاچ سۈرۈلدى يەنە،
ئەتىسگە مۇدىر ۋەدىسى.

ئارام ئالغىن، ئورنۇڭنى ئەمدى
ياش ۋە قابىل زاتلارغا بېرىپ.

— نىمە؟
— ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا.
— ماڭا ئەجەل كەلگەن يوق بۈگۈن.
ئايرىلمايمەن قازا تاپقىچە
ۋەزىپەمدىن ئىنقىلاپ ئۈچۈن.

— تېنىڭ ئاجىز، كېسىلىڭ ئېغىر،
— شۇنداقتىمۇ غەيرىتىم پۈتۈن.
— ساڭا شەرەپ ئەمەسمۇ ئورۇن
بوشاتقىنىڭ ئىنقىلاپ ئۈچۈن.

— مەن بولمىسام سېنى يېزىدىن
ئېپ كېلىشكە قايغۇرىدۇ كىم؟
— پارتىيە بار مېنىڭ ئىشىمغا،
— ئىست سېنى ئويلىغانلىرىم.

قان بېسىمى "ئىست" بىلەن تەڭ،
كەتتى ئورلەپ "ئىنقىلاپ ئۈچۈن".

"ۋالى مېنى ئالدىراشلا چاقىرتقۇزۇپتۇ".
"شۇجى مېنى ھازىر كېلىپ ئىزدەپ كېتىپتۇ".
"جۇرىن بىلەن ئۇلتۇرۇشقا بارماقچى ئىدۇق".
"بىزنىڭ ئۇيدە جۇيجاڭ مېنى ساقلاۋېتىپتۇ".
"باشلىقلارغا ئېيتىدىغان دەردىڭىز بارمۇ،
ئالغاچ كېتەي يېزىپ قويغان ئەرزىڭىز بارمۇ؟!"

شۇدۇر ئۇنىڭ ئۇچرىغانغا دەيدىغان گېپى،
بىلمىگەنلەر ئۇچرە بەزەن ئاشتى ھورمىتى.
بىچارىنىڭ روھى ئۇستۇن، چېھرى يادىكىغۇ،
قاچانغىچە ئۇتەر ئۇنىڭ ئۇمرى شۇ پېتى.
ئۇ يۇرىدۇ تىنىم تاپماي دائىم ئالدىراش،
خەلەر شۇڭا دەيدۇ ئۇنى "سايىم ئالدىراش".

1980-يىل 18-ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

# ھاراق تۇپەيلى

ئەل-يۇرت شاھىت پازىلىنىڭ يېشى
ئوتتۇزلارغا يەتمىدى تېخى.

ئون كۈن ئۆدا كەلدىم، مۇدىرنىڭ
تۈگىمىدى تاتلىق ۋەدىسى.
لەۋلىرىدىن كەتمىدى كۈلكە،
كېمەيمىدى كۈنلەر ئەتىسى.

نىمە دىگەن ھىساپسىز يىغىن؟
نىمە دىگەن قەدىرسىز ۋەدە؟
نىمە دىگەن ئەرزان كۈلكە بۇ؟
نىمە دىگەن تۈگىمەس ئەتە؟

1980-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## سايىم ئالدىراش

كوپكە تونۇش سايىم يىگىت، بىز بىلەن سەپداش،
دىيىشىدۇ ھەممە ئۇنى "پەمى بار يولداش".
يېڭىلايدۇ ھەپتىدە بىر ئاياق چەمنى،
يول يۈرىدۇ تىنماي، چۈنكى ئىشى ئالدىراش.
ئايلاپ ساقال ئالدۇرۇشقا يوقتۇر پۇرسىتى،
جىددىيلىكتىن يۈرەر بەزەن كۈنلەپ ئاچ پېتى.

## كەنجى يەنە تەتقىقاتتا

كەنجى ئۆزى پسىخولوگ ئەرباپ،
تەتقىقاتچى ئىلىم بابىدا.
رەھبەرلەرنىڭ رايى، مىجەزى،
تىما ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا.

كۆزىتىدۇ باشلىقلىرىنىڭ
ئارزۇسى نە، خۇلقى-پەيلىچۇ،
ئىشتىھالىق قايسى تائامغا،
تەلپۈنۈشى-كۆڭۈل مەيلىچۇ.

قويۇۋېلىپ دىئاگنوزىنى،
كىرىشىدۇ دورا قىلىشقا.
پەملەپ تۇرۇپ باشلىق كۆڭلىنى،
تۇيدۇرماستىن ئۇتتۇۋېلىشقا.

سىڭىپ كىرىپ چوڭلار قەلبىگە،
شوھرەت تېپىپ ئۇرلىمەكچى ئۇ.

ئەسلى ياشلىق گۇلشەنىنىڭ بۇ
تازا گۇللەپ ياشنىغان چېغى.

بىراق پازىل يىراق بولالماس،
ھاراق ساتقان دۇكان قېشىدىن.
كوكۇل خوشى، ھايات پەيزىنى
ئاختۇرار ئۇ رۇمكا ئىچىدىن.

خۇيى تۇتسا ھەتتا چاپاننى
گورو قويار ئۇ مەيخانىغا.
شىركەيپ بولۇپ ئالسىلا، ئۇيىنى
ئايلاندۇرار جەڭ مەيدانىغا.

ئازار بېرىپ، ئاتا-ئانىنى
خار قىلدى ئۇ ھاراق تۇپەيلى.
بىزار قىلىپ، خوتۇن-بالىدىن
ئايرىلدى ئۇ ھاراق تۇپەيلى.

يولدىن چىقتى ھاراق تۇپەيلى،
يالغۇز قالدى جامائەت ئارا.
بىراق ئۇنى يالغۇز دىمەڭلار،
رۇمكا ئاڭا يەنىلا ھەمرا.

1980-يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

بىلىقچىلىق ئۇستازىغا دەل،
ئەندى بىر يىل توشاي دېگەندە.
كەتتى باشلىق بۆلۈندىن يۆتكىلىپ،
ئىشنى رەسمى باشلاي دېگەنـدە.

يېڭى باشلىق كەلـدى،
كەنجىنىڭ
مەركەزلەشتى زېھنى ئۇنىڭغا،
كورمەي تۇرۇپ ئۇز كوزى بىلەن،
باغلانماقتا مېھرى ئۇنىڭغا.

كەنجى يەنە ئاتلاندى جەڭگە،
ئۇزى سويگەن ئىلىم بابىدا.
ئۇ كىرىشتى بۇ يېڭى باشلىق
ئۇستىدىكى تەتقىقاتىغا.

1980-يىل ئاپرېل.

رەھبەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق
بەزىلەرنى جوندىمەكچى ئۇ.

كەنجى يېڭى كەلگەندە بۇندا،
باشلىق مەرھۇم مىرزۇپەر ئىدى.
بىراق ئۇ-زە، بوش پەيتلىرىدە،
شاخمات دىسە جان بېرەر ئىدى.

چىقتى ئۇستا شاخماتچى بولۇپ،
كەنجى بەش ئاي ئەجىر سىڭدۇرۇپ.
ئەپسۇس، كەلمەي ئوگىدىن تەلىيى،
كەتتى باشلىق بىمەھەل ئۆلۈپ.

يېڭى كەلگەن باشلىق بىلىقتىن
ئۆزگە گوشكە تاۋى يوق ئىمىش.
كەنجىنى بۇ قىلدى مەھلىيا،
نەپلىك كەسپ، دەسمايىسىز ئىش.

قانچە-قانچە يەكشەنبىلەردە،
قانچە پوتەي يوللارنى بېسىپ،
دەريالارغا تاشلىدى قارماق،
تەرگە چۈمۈپ خىيالغا پېتىپ.

مەسخىرە كۈلكەڭنى تەقدىم ئەيلىدىڭ،
سەپدىشىڭ، ياق ئۇتۇن ساتقۇچىغا سەن.
ئىپتىخار تەختىگە چىقتىڭ بىر نەپەس،
دانىشمەن ئەپتىدە خىيالىڭدا سەن.

مەن ئۇشبۇ مەيداندا بىر كۆزەتكۈچى،
ئىككىڭنىڭ كەچمىشى مەن ئۇچۇن ئايان.
مەن ئەمەس، ئاياندۇر پۈتكۈل يۇرت ئۇچۇن.
قايسىڭ ئەل پەرزەنتى ۋە قايسىڭ چايان.

ئاپەتلىك يىللارنىڭ قىرغىنلىرىدا،
خەلقىمىز كۆرمىگەن كۈلپەت قالمىدى.
ئۇرلىدىڭ سەن سېتىپ ئادەم بېشىنى،
ئۇ ئۇتۇن ساتتىيۇ ۋىجدان ساتمىدى.

1980 ـ يىل ئاۋغۇست.

# يېقىلىش توغرىسىدا

يېقىلىش توغرىلىق كوپ سوز ئاڭلىدىم،
بىرى دەر: دەرەختىن يېقىلغان يامان.

# ئۇ ئوتۇن ساتتىيۇ ۋىجدان ساتمىدى

("4 كىشىلىك گۇرۇھ" دەۋرىدىن)

قاپ ـ قارا سىرلانغان "ۋولگا" ئىچىدىن
كەيپىڭ ساز چۈشتۈڭ سەن رەپىقەڭ بىلەن.
بىلىمەن، ئۇشبۇ تاپ نەزىرىڭ ئارا،
خان تەگرى چوققىسى سىڭىدىن تۆۋەن.

تۇلكىنىڭ كوزىدەك ئويناق كوزلىرىڭ،
لىق ئوتۇن بېسىلغان هارۋىغا چۈشتى.
بىر نىمە سەزگەندەك دىققىتىڭ بىردىن،
شۇ ئوتۇن ساتقۇچى يىگىتكە كوچتى.

توختىدىڭ، توختاتتىڭ رەپىقەڭنىمۇ،
ۋە دىدىڭ: "كوپ يىللىق ساۋاقدىشىم ئۇ،
هەر كىمنىڭ تەقدىرى ئوز ئىلكىدە، هەق،
جورىنىمەن، ئۇ لېكىن ئوتۇن ساتىدۇ."

ئالـدى بىلەن گۇرجەك تۇتۇپ باق،
مېھنەت بىلەن قولۇڭ قاپارسۇن.
كورگەندە ئەل ئىشتىراسىنى،
كوزۇڭ ئەمەس، يۈزۈڭ قىزارسۇن.

1980 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## ھەسەتخورلۇق

(چوچەك)

مەن سوزلەيمەن، سوزلەيدىغىنىم
زامانلاردىن قالغان ھىكايەت.
بىلمەكلىككە يېڭى ساۋاق بۇ،
ئاڭلىماققا قەدىم رىۋايەت.

*   *   *

ئوتكەن كۇنلەر، قەدىم زامانلار،
يۇرت باي، پۇقرا نادان چاغلىرى.
بۇ دۇنيانىڭ زىننەت تاجىسى
بولغان ئۇ چاغ تەگرى تاغلىرى.

بىرى دەر: ئات خەتەر؛ دەيدۇكى بىرى:
ئوكزىدىن يىقىلساڭ قالمايسەن ئامان.

بۇلاردىن يىقىلغان ئولمەس ئېھتىمال،
ئولسىمۇ قەۋرىسى قالىدۇ ھامان.
ھەممىدىن سۇت بېرىپ ئوستۇرگەن دىيار،
خەلقىنىڭ نەزىرىدىن يىقىلىش يامان.

1980-يىل ئاۋغۇست.

## كوزۇڭ ئەمەس، يۇزۇڭ قىزارسۇن

خامان يىغسا بىراۋ تومۇزدا،
سايىدايسەن ئەزمىلىك قىلىپ.
چەشنى كوروۇپ تۇتىدۇ خۇيۇڭ،
تارلىق قىلىپ، كوزۇڭ قىزىرىپ.

بولمىدى دەپ كوڭۇلدىكىدەك،
تەر توككەنگە قويىسەن ئەيىپ.
ياغدۇرىسەن تەنە مولدۇرى،
ۋە جاھاننى بېشىڭغا كىيىپ.

لاۋۇلدىغان دوزاق ئۇتىنى،
يالمار ئىكەن كويىمسە تىلى.

پۇلدىن بولەك دوستى يوق ئىكەن،
مېھرى يوقكەن پۇلدىن ئۆزگىگە.
پۇلدەك ئىللىق، پۇلدەك يېقىملىق
سېزىم يوقكەن ئۇنىڭ كوڭلىگە.

سودىگەرلىك قىلار ئىكەن ئۇ،
ئوقەت-كەسپى ئوبدان ئېقىپتۇ.
ئاگا ئامەت كۇلۇپ بېقىپتۇ،
ھەمدە ئويگە بەركەت يېغىپتۇ.

ئۇنىڭ دوستى، كونا خوشنىسى،
ئالىم دىگەن پاك نىيەت كىشى،
ئوزى بىلەن كەسپداش ئىكەن،
سودا بىلەن ئوتەركەن ئىشى.

رەقىپ باينىڭ خوشنىسى ئالىم
كۇندىن-كۇنگە بېيىپ كېتىپتۇ.
خوشنىسىنىڭ مۇلكى ئوزىدىن
نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپتۇ.

بۇ زور تاغنىڭ ئىككى باغرىدا،
ياشايدىكەن ئاقكوڭۇل خەلق.
شايى بەلۋاغ ئەرلەر بېلىدە،
خوتۇن-قىزلار چىمەن دوپپىلىق.

يەر باي بولغاچ ئەلمۇ باي ئىكەن،
ئادەملىرى شۇنچىلىك لېۋەن.
سېخىلىق ۋە مەرتلىك بابىدا،
كوڭۇللىرى دەريادەك ئىكەن.

بۇغا-مارال يايلىغان تاغدا،
بورە-قاۋان يۈرگىنى كەبى.
گۈللەر تولغان گۇلباغلار ئارا،
ئوغرى تىكەن ئۈنگىنى كەبى.

بۇ ماكاننىڭ مەلۇم شەھەرىدە،
مەلۇم كوچا، مەلۇم مەلىدە.
ياشاركەن بىر بەد مىجەز كىشى،
بىر داغ بولۇپ يۇرتنىڭ شەنىگە.

بايلىق ئۈچۈن ھالال-ھارامنى
ئايرىماسكەن ئىمانسىز دىلى.

تاقىتى ـ تاق بولۇپ، خۇداغا
يېلىنىپتۇ جەينىماز سېلىپ.

"ئۇلپەتدىشىم، خوشنام ئالدىدا،
مېنى تووەن ئەيلىمە خۇدا.
روناق تاپاي شەھرىمدە تەنھا،
ئۈمىدىمنى چەيلىمە خۇدا."

ئەتىكاپتا ئولتۇرۇپتۇ ئۇ،
كېچە ـ كۇندۇز بىر ھەپتە ئۇدا.
خېلى مەزگىل ئۆتۈپتۇ، لېكىن
بولماپتۇ ھېچ ئاللادىن سادا.

كونا دوستى، يېڭى رەقىبى،
بېيىۋەرگەچ ئاۋالقى پېتى.
بوپ كېتىپتۇ زەھەر كوزىسى،
زەرداپ يۇتقان يۇرەكنىڭ قېپى.

رەقىپ باي ـ زە، بۇ ئاي، بۇ كۇندە
ئىگرايدىكەن ھەسرەتتە ئاچچىق.
(تۇغۇتتا جان ئۇزگەن ئايالمۇ
تولغاق يىمەس بۇنچە ئازاپلىق).

ئاي ئوتتۇپتۇ، يىللار ئوتتۇپتۇ،
رەقىپ باينىڭ بېشى قېتىپتۇ.
خوشنىسىنىڭ مۈلكى-بايلىغى
يۈرىگىگە زىختەك پېتىپتۇ.

ئۇ ئۇيلىسا تام خوشنىسىنىڭ
كەتكىنىنى ئۈزىدىن ئېشىپ.
ئۇ ئۇيلىسا تەڭ-تۇش دوستىنىڭ
كەتكىنىنى يۈز-ئابروي تېپىپ؛

ھەسەت ئوتى ئىچىدە قەلبى
كاۋاپ بولۇپ ئورتىنىدىكەن.
ۋۇجۇدىنى سوغاق تەر بېسىپ،
چار يىلاندەك تولغىنىدىكەن.

خوشنىسىدىن ئۈزۈپ كېتىشكە،
رەقىپ باينىڭ يوقكەن ئامالى.
(يۈرىگىنى يەيدىكەن ئەلەم،
گوشكە چۈشكەن قۇرۇت مىسالى.)

جان قاخشىغاچ تەندە ئاخىرى،
ھەسەت ئىغى باغرىنى تىلىپ.

كورمەي بۇنداق تەڭسىز جاھاننى،
غەمدىن خالاس قىلغىن بىراقلا.“

ئۇيىنىڭ ئىچى سۇرلۇك تۇس ئېلىپ
پەيدا بوپتۇ غايىپتىن سادا.
(گەرچە بەندە دوق قىلغان بىلەن،
سالماق جاۋاپ بېرىپتۇ خۇدا) :

"مانا سەنمۇ بېيىۋاتىسەن،
خوشناڭ سەندىن ئۇبدان بېيىدى.
تەرنى ھالال توككەن يۈرەكنى،
ياراتقۇچى ئەزىز ئەيلىدى.“

كوڭلى قاپتۇ ياراتقۇچىدىن،
تىلىگىنى مەقبۇل ئەتمىگەچ.
قايتىپتۇ ئۇ ھەتتا ئىماندىن،
خالىغاننى تەل قىپ بەرمىگەچ.

ئۇ ئويلاپتۇ تولغىنىپ يېتىپ:
مېنى ئۇلۇم يېڭىپ كېتەرمۇ؟
زامىن بولۇپ جېنىمغا ئالىم،
ئۇلمەي شۇنداق بېيىپ كېتەرمۇ؟

ھەسەتخور باي كورەلمەي بۇنى،
يىتىپ قاپتۇ سىل كېسەل بولۇپ.
كېتىپتۇ ئۇ تولغىنىپ يېتىپ،
بارا-بارا قاخشالدەك قۇرۇپ.

ئەڭ ئاداققى كۆچىنى يىغىپ،
يۈزلىنىپتۇ قىبلە تەرەپكە.
چىچىلىپتۇ خۇدايىمغا ئۇ،
ئەسىر بولۇپ قەھرى-غەزەپكە:

"ياراتقۇچى پەرۋەردىگارا،
دۇئايىمنى ئىلىك ئالمىدىڭ.
خوشنامنىلا بېيىتتىڭ، بىراق
خار ھالىمغا نەزەر سالمىدىڭ.

كوز ئالدىمدا گىدىيىپ يۈرگەن،
خوشنامنى ھىچ كورەر كوزۇم يوق.
ئۈيتقىن ئىگەم ئالدىڭدا نىچۈن
ئالىمچىلىك مېنىڭ يۈزۈم يوق؟!

بېيىتماقچى بولساڭ سەن ئۇنى،
جۇپ كوزۇمنى ئويغىن بىراقلا.

ئه ئارمان بار ئۆمرۈمدە مېنىڭ،
سىزگە پەيدا قىلسام جېنىمنى."

"بۈگۈن كەچتە تام خوشنىمىزنىڭ
ئوگزىسىدە بوغۇزلا مېنى.
ئۆز يۇرتۇڭغا ئېپ كەت ئۆيۈمدىن
خالىغانچە ھەممە نەمىنى."

سۆزنى ئاڭلاپ قۇلنىڭ كوزلىرى
چەكچىيىپتۇ چوچەكتەك بولۇپ.
تىلى سۆزگە كەلمەپتۇ بىر پەس،
سېلىنغاندەك ئاغزىغا قۇلۇپ:

"جاندىن كېچىپ قاپسىز باي ئاكا،
مەخسەت نىمە ئېيتىڭا قېنى؟!
زورۇر بولسا ئادەم بوغۇزلاش،
ئۇرنىڭىزدا بوغۇزلاڭ مېنى."

مەجبۇرلاپتۇ قۇلنى خوجايىن
بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىشقا.
ماقۇل بوپتۇ قۇلمۇ چارىسىز،
خوجايىننىڭ بېشىنى ئېلىشقا.

ياق، دەپتۇ-دە، كوڭلىگە يېڭى
پىلان پۇكۇپ تىنچلىنىپتۇ.
شۇ نىيەتتە يات مەملىكەتتىن
ئۆيگە بىر قۇل ئېلىپ كېلىپتۇ.

قۇلنى دەرھال ئازات ئېتىپتۇ،
شاھزادىدەك كىيىندۈرۈپتۇ.
ئۇنى ئەزىز مېھمان قاتارى،
پىنھان ئۆيدە بىر ئاي كۈتۈپتۇ.

بىر كۈنىسى قۇلنى چاقىرىپ،
مۇھتاجلاردەك يېلىنىپ ئاغا.
دەپتۇ: چۈشتى ئۆمرۈمدە تۇنجى
ھەم ئاداققى ھاجىتىم ساڭا.

گەر كەلتۈرسەڭ ھودۇقماي بىجا،
باي ئاكاڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى.
سېنىڭ ئۈچۈن ئىنئام قىلدۇ،
كوزا-كوزا ئالتۇنلىرىنى."

قۇل ئېيتىپتۇ: "بېرىپ ئازاتلىق،
ياشناتتىڭىز ھايات بېغىمنى.

بۇزۇلۇپتۇ كوڭلى توساتتىن،
رەقىپ باينى ئېسىگە ئېلىپ.

ئۇ بېرىپتۇ كوچا ئارىلاپ،
خوجايىنىنىڭ مەھەللىسىگە.
بىراق كاتتا باغلار ۋە ئۆيلەر
كورۇنمەپتۇ ئۇنىڭ كوزىگە.

ئىككى باينىڭ قورا-جايلىرى
تامام ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ.
كوچەتلەر ۋە گۇللەر ياشارغان
باغنى ياتناق، قومۇش بېسىپتۇ

بۇ كوڭۇلسىز مەنزىرىلەرگە ئۇ،
ئىسەڭگىرەپ تىكىلىپ قاپتۇ.
شۇ ئەتراپتىن بىر بوۋاي تېپىپ،
بۇ توغرىلىق ئەھۋال سوراپتۇ.

دەپتۇ بوۋاي: "يېرىم يىل بۇرۇن
نەپسى بالا ئالىم باي دىگەن،
مال-دۇنيا دەپ ئوز خوشنىسىنىڭ
جېنىغا قەست ئەيلىگەن ئىكەن.

ئالىم باينىڭ تۇغۇلۇگى لىۋىدە،
زۇلمەت كېچە ـ تۈننىڭ قوينىدا،
يالتىراپتۇ كۈمۈشرەڭ قىلىچ،
رەقىپ دىگەن باينىڭ بوينىدا.

توكۇلۇپتۇ تۇغلۇقتىن ئۈيگە
بەدنىيەتنىڭ زەھەرلىك قېنى.
جۇدا بوپتۇ كورەلمەس باينىڭ
ۋۇجۇدىدىن گۇناھكار جېنى.

ئادا قىلىپ مەجبۇرىيىتىنى،
يىغىپ ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى قۇل.
تۈن ـ تىۋىشسىز تۈن جىمىلىغىدا،
ئۇز شەھرىگە يول ئاپتۇ ئۇدۇل.

* * *

مۇشۇ ۋەقە بولۇپ ئارىدىن
ئالتە ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.
ئاقچىلاردىن بەھرى ئېلىپ قۇل،
نۇرغۇن-نۇرغۇن شەھەر كورۇپتۇ.

كېپ قاپتۇ بۇ شەھەرگە يەنە،
قۇل يۇرت كېزىپ، شەھەر ئايلىنىپ.

كاجلىق قىلىپ ئۇتتى ئالتە ئاي،
گۇناھىنى رەت قىلىپ پۈتۈن.

ئەل ـ جامائەت، يۇرتنىڭ ئالدىدا
گۇناھكارنىڭ بېشى ئېلىنغاي.
شاھنىڭ ھوكمى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى
پۇقرالارغا ئىبرەت قىلىنغاي.“

ساراسىمگە چۈشۈپ قاپتۇ قۇل،
چىگىشلىشىپ بىردىن خىيالى.
ئۇ ئويلاپتۇ، تۇتماسمۇ مېنى،
بۇ بىگۇنا جاننىڭ ئۇۋالى.

مەجبۇرلىغان سەۋەپ نىمىدۇر،
رەقىپ باينى جاندىن كېچىشكە؟
نە سەۋەپ بار دەل ئالىم باينىڭ
ئۇگزىسىگە چىقىپ ئۆلۈشتە؟

ئالىم باينىڭ بېيىپ كېتىشى،
رەقىپ بايغا بولغاندۇ ئەلەم.
ھەسەت ئوتى ـ مەنمەنچىلىكتىن،
يامان يولغا باسقاندۇ قەدەم.

قاتىل شۇئان قولغا ئېلىندى،
ئائىلىسى سۇرگۈن قىلىندى.
پادىشانىڭ ھوكمى تۈپەيلى،
قورا-جايى ۋەيران قىلىندى.

بولمىغاچقا ئەۋلات-ۋارىسى
رەقىپ باينىڭ قورا-جايىغا.
بۇزۇلدى ھەم تاپشۇرۇلغاچقا
ھوكۇمەتنىڭ ئىختىيارىغا."

بوۋايدىن قۇل ئاڭلاپ بۇ گەپنى،
كېتىپ قاپتۇ كوچا ئارىلاپ.
جۇغۇلداپتۇ يۈرىگى بىردىن،
يان كوچىدىن بىر سادا ئاڭلاپ:

"ئەيىۋھەنناس، ئىشتىڭلار ئامى-خاس،
ئاڭلاپ قالسۇن پۈتكۈل خالايىق.
بىز ئېيتىمىز، ئېيتىدىغىنىمىز،
پادىشانىڭ ئەمرىگە تالىق.

زامىن بولۇپ بىگۇنا جانىغا،
قاتىل ئالىم مال-دۇنيا ئۈچۈن.

قاتىللىقنىڭ چىگىش تۈگۈنى،
شاھ كۆڭلىدە بولۇپتۇ ئايان.

بۇيرۇغىنى بىكار قىپتۇ شاھ،
ئالىم باينى قايتۇرۇپ كېلىپ.
ئازاتلىققا ئېرىشتۇرۇپتۇ
ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

رەقىپ باينىڭ گور-قەۋرىسىنى
چاقتۇرۇپتۇ-تۇزلەتكۈزۈپتۇ.
كورەلمەسنىڭ شۇم تەقدىرىنى،
ئەل-يۇرتىغا ئاڭلاتقۇزۇپتۇ.

ئەپسۇس، ئۇتـمەي بىرنەچچە كۈنلا
بۇندا ھەرە تاراپ كېتىپتۇ.
ئۇچرىغانىنى چېقىۋېرىپتۇ،
ئەل ھالىنى خاراپ ئېتىپتۇ.

ھەرىلەرنىڭ ئۇگىسىنى خەق
ئىزدەپ-ئىزدەپ ئاخىر تېپىپتۇ.
مازاردا بىر گور يوچۇقىدىن
ھەرە ئۇچۇپ چىقىۋېرىپتۇ.

دۇشمەننى ئۆلتۈرسە ئەگەر،
ئۆزى قاتىل بولمىغى ئېنىق.
قاتىل دىگەن ئەل-يۇرت ئىچىدە
لەنەتلەرگە قالمىغى ئېنىق.

قارا يۈزنىڭ شەرمەندە بېشى،
تىغدىن ئامان قالمىغى قيىن.
قالغاندىمۇ، بايلىغى بىلەن
ياخشى ئاتاق ئالمىغى قيىن.

ئۆزى ئۆلۈپ ياخشى نام بىلەن،
ئەلنى داغدا قالدۇرماقچى ئۇ.
مەڭگۈ قارا بەدنام-ئاتاقنى،
ياخشى دىلغا تاڭدۇرماقچى ئۇ.

قول ئۈيلاپتۇ، ئۈيلىغانسېرى
يېشىلىپتۇ چىگىش خىيالى.
ئۇ چېپىپتۇ ئوردا ئالدىغا،
گويا ئۇچقۇر شامال مىسالى.

شاھ ئالدىدا سىرنىڭ تەكتىنى
ئەينى پېتى ئەيلەپتۇ بايان.

قالغان ئىكەن ھەرە ئۇلتۇرۇش،
كىشلەرگە ساۋاپ ئىش بولۇپ.

1980 - يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

## چوكىلارنى تاشلايلى ئەندى

بىز سەنئەتكە ئىشقىۋاز خەلق،
سەنئەتكە بىز مەپتۇن شۇ قەدەر.
سەنئەت بىلەن تىرىلەر ئۇلۇك،
سەنئەت بىلەن ياشارغان بۇ يەر.

بۇ سەنئەتكە كەلدى ياندىشىپ
غەيرى ئويۇن-چوكا سەنئىتى.
نام چىقاردۇق شۇ كەسپ بىلەن،
خۇنۇكلەشتى يۇرتنىڭ ئىززىتى.

قايسى زاتنىڭ ئىختىراسىدۇ،
"روناق تاپقان چوكا سەنئىتى.
بۇ ئەمەلدە كىمنىڭ ئىللىتى؟
بۇ قايسى بىر دىلنىڭ ئۇلپىتى؟

گورنى ئېچىپ كورسە كىشلەر،
رەقىپ باينىڭ جەسىدى ئىكەن.
كاۋاكلاشقان كوكسىدە ئۇنىڭ
سانسىز ھەرە گىژىلدايدىكەن.

بىلىپتۇ خەق ئىشنىڭ تەكتىنى،
قۇرۇتلىغانكەن جەسەت يۈرىگى.
ئايلىنىپتۇ قۇرۇتلار ھەرىگە،
بوپتۇ كوكرەك ھەرە كونىگى.

ئىپلاس جەسەت، ھەرە ئۇۋۇسىنى،
يەر قەرىگە كومۇپتۇ خەخلەر.
يەر يۈزىگە تاراپ كېتىپتۇ
بىراق ئامان قالغان ھەرىلەر.

شۇندىن بىرى يۈرەرمىش ھەرە،
ئىنسانلارغا ئازار تۇغدۇرۇپ.
چاقار ئىمىش ئوز نەشترىنى
زەھەر سۇيى بىلەن سۇغۇرۇپ.

شۇندىن بىرى قويغاچقا ھەرە
كوڭۇللەردە غەزەپ تۇغدۇرۇپ.

ئۇندىن ئاڭلاپ كۈتمىگەن جاۋاپ،
تۇرۇلۇپتۇ ئاللانىڭ قېشى.

مانا ـــ دەپتۇ، بىر تال چوكىنى
ئوتتۇرىدىن قاق ئىككى قىلىپ.
ئوقەت بىلەن ئوتتۇكلار دەپتۇ،
ھەر بىرىگە بىر تالدىن بېرىپ.

شۇندىن بېرى قېرىنداش ئارا
كوچىلىشىش باشلانغان ئىمىش.
بىر ـ بىرىگە چوكا سانچىشىپ
ياخشى خىسلەت تاشلانغان ئىمىش.

بىراق بۇنداق ئوسەك رىۋايەت،
مېنى ئاسان ئەسىر ئېتەلمەس.
بۇ ئۇزىمىز تاپقان پالاكەت،
بۇ تەكرىنىڭ ئىنئامى ئەمەس.

مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى،
كوردۇم سانسىز پاجىەلەرنى.
قېرىنداشقا قېرىنداشلاردىن
ياغدۇرۇلغان ئاپەت ـ خەتەرنى.

ھە، راست، (يۇرتنى يۇرمەكتە كېزىپ)
رىۋايەت بار بۇ ھەقتە تېخى.
خۇدا ھەر خىل بەندىلىرىگە،
ھەر خىل سوغا راسلىغان چېغى.

كەسپى بىلەن ھەر قەبىلىگە
خۇدا ئەسۋاپ ئايرىغان ئىمىش.
بىردىن ۋەكىل ھەر قەبىلىدىن
ئەۋەتىشنى بۇيرۇغان ئىمىش.

ھەممىسىنىڭ نېسىۋىسىنى،
ئايرىم-ئايرىم بېرىپتۇ خۇدا.
يۇرتىمىزدىن بارغاچ ئىككىسى
ھەيران بولۇپ سوراپتۇ خۇدا:

— سىلەر ئەجەپ ئىككى كىشىغۇ
سەۋەپ نىمە ئېيتىڭلار قېنى؟!
— ئىشەنمىگەچ يۇرت بىر ۋەكىلگە
گۇزەتچى قىپ ئەۋەتتى مېنى.

دەپتۇ بىرگە ياندىشىپ بارغان
ئىككىنچى زات-گۇمانخور كىشى.

## قوشۇلمەن

بىزنىڭ جۈيجاڭ ئۇزۇن يىللىق كونا كادىر،
ھاسىل قىلغان تەجرىبىسى تۈرلۈك-تۈمەن.
تەجرىبىلەر ئىچىدىمۇ تەجرىبە بار،
ھەممىدىن كوپ نەپ بەرگىنى "قوشۇلمەن".

قايىل قىلار كەمتەرلىگى كوپچىلىكنى،
كورسىتىدۇ چوڭ-كىچىككە سەمىمىيەت.
خىسلىتىگە ياتتۇر كىبىر، ھاياتىدا
ماختانمىغان، ماختىنىشنى بىلمەس پەقەت.

ھە، راست، بىر چاغ ئىدارىدا كوك ساتقاندا،
سالمىغىنى ھەممە گىرلاپ كورگەن ئىدى.
"ئېغىركەنمەن بارچىدىن" دەپ جۈيجاڭىمىز،
مەززە قىلىپ ئۈپتىخارلىق كۈلگەن ئىدى.

ۋە كۈلۈشتى ھەممە، كۈلكە جۈيجاڭغا
مەسخىرىمۇ يا ئۇلارنىڭ شاتلانغىنى؟

چوكا سانچىپ، ئورا كولىشىپ،
تالاي جانلار قالدى قەۋرىسىز.
قەھرىمانلار ئىزسىز يوقالدى،
ۋادەرىخا، كەتتى بەلگىسىز.

بۇ چوكىدىن قاخشايدۇ ھەممە،
خالىمايدۇ تاشلاشنى بىراق.
(جاڭگالدىكى يىرتقۇچلار ھەتتا
چىشلەشمەستىن ئوتەركەن ئىناق.)

بىلەمسىلەر، بۇ يېڭى دەۋر
كۆتكىنىنى بىزدىن نىمىنى؟
پۈتسۇن نىزا، قىلايلى ئەندى
بىز كەلگۈسى ئەۋلات غېمىنى.

چوكىلارنى تاشلايلى ئەندى،
يېتەر بىزگە شۇنچە ساۋاقلار.
شۇ چوكىنى كورمىسۇن، ئانا
قوسىغىدا ياتقان بوۋاقلار.

1980 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

"...توتلىشىنىڭ تەلۋىنى ئۇلچەم قىلىپ،
رەتلەش زورۇر رەھبەرلىكنىڭ قوشۇنىنى.
لاياقەتسىز كادىر ئاگلىق بوشاتقىنى
ئەلا ھامان زەربىدارغا ئورۇنىنى.

× × × ئىداردە بۇ مەسىلە،
لايىغىدا نەتىجىلىك ھەل قىلىنغان.
ماقۇللانغان پارتكومنىڭ قارارىدا،
ئا جۇيجاڭمۇ رازى بولغان ۋە قوشۇلغان..."

هوجەتنى ئۇ مىجىقلىدى، غەزەپ بىلەن
ئاچتى پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىشىگىنى.
ئۇنىڭ يۈزى تاتارغانتى گويا تامدەك،
غاجىلايتتى ئۇچمەس غەزەپ يۈرىگىنى:

—نىمە ئىش بۇ، قايسى چاغدا قىلغان قارار،
نەيرەڭمۇ بۇ ياكى نىرۋاڭ بۇزۇلغانمۇ؟
ئېيتتى شۇجى تەمكىن تۇرۇپ: بىر ئاي بۇرۇن
قارار قىلغان، سىز يىغىندا قوشۇلغانغۇ!

تۇرۇپ قالدى گويا قاققان قوزۇق كەبى،
قاراڭغۇلۇق باستى جۇيجاڭ كوزلىرىنى.

گەر بۇ ئىشنى ماختىنىش دەپ ھىساپلىساق،
ئۇمرىدە شۇ بىر قېتىمدۇر ماختانغىنى.

پارتكوم مەجلىس ئاچقىنىدا ھەرقېتىمدا،
راھەت بەخش ساپاغا ئۇ چوكۇپ كېتەر.
يىغىن ئەھلى ماقۇللايدۇ قارارلارنى،
جۇيجاڭ شىرىن ئۇيقۇسىدىن لەززەتلىنەر.

ئاخىرىدا نوقۇپ قويار بىرى ئۇنى،
ۋە سورايدۇ قانداق پىكرى بارلىغىنى.
"قوشۇلىمەن" دەيدۇ جۇيجاڭ ئۇيقۇسىراپ،
بىلمەي قارار قىلغان نىمە ئىشلىگىنى.

بۇ رەت يەنە باشلىقلارنىڭ يىغىنىدا،
ئۇيقۇسىدىن بەھرى ئالدى (ئادىتى بۇ).
باشقىلارنىڭ يېنىككىنە نوقۇشىدىن،
چوچۇپ قوپۇپ "قوشۇلىمەن" دەۋەتتى ئۇ.

بىر ئاي ئۆتۈپ كوردى جۇيجاڭ يۇقۇرىنىڭ
ھوججىتىنى، باستى تىترەك ۋۇجۇدىنى.
كورمىگەنلەر ئىشەنمەيدۇ، غەزىۋىدىن
ئارقاندەك ھەر كوپكەن بويۇن تومۇرىنى.

گۈزەللىك ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ،
گۈزەللىك بېغىنى كەزمەيدۇ دەمسىز.

ھاياتنىڭ چىنلىغى ۋە گۈزەللىگى
بولمىسا دۇنيادىن خوشلاشماسمىدىم.
گۈزەللىك ۋەسلىگە تەلپۈنەر دىلىم،
گۈزەللىك ئىشقىدا ئۇرغۇيدۇ قېنىم.

گۈللەرنى زوق بىلەن كۈيلەيدۇ بۇلبۇل،
گۈل كۈلسە پورەكلەپ، ياشنايدۇ جېنى.
لېكىن-زە، قاي بۇلبۇل قاي گۈلنى ساقلاپ
قالالىغان جۇدۇنلار ۋەھىمىدىن قېنى؟

مەن بۇلبۇل ئەمەسمەن، بۇلبۇل بولمىغاچ
ئاۋازىم بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئەمەس.
(جەڭگاھتا ئوق ئۇزۇپ يۈرگەن جەڭچىنىڭ
گىرىملىك ئەرتىستەك كورۇنمىگى تەس).

مەن بۇلبۇل مىسالى بولالمىساممۇ،
خالايمەن باھاردا يامغۇر بولۇشنى.
خالايمەن باغدىكى گۈل-چېچەكلەرنىڭ
ھوسنىگە يېپيېشقان چاڭنى يۇيۇشنى.

بىر ـ بىر ئەسكە ئالدى تالاي يىلدىن بېرى
"قوشۇلىمەن" دىگەن سانسىز سوزلىرىنى.

تارىخدا، پەرۋازىغا قانات بىلگەن
ئاشۇ قۇتلۇق بىر جۇملە سوز "قوشۇلۇش"نى.
ئويلىمىغان (ئويلاشقىمۇ يوقتى ئەقىل)
ئوز تەختىگە بۇنچە خەۋپ تۇغدۇرۇشنى.

ھوقۇقىدىن قالغىنىغۇ مەيلى، چۇنكى
كەلمەس ھىچكىم مائاشىغا چاك سالغىلى.
پۇشايمىنى، ئاشۇ سولەت بەخش ئەتكەن
ئاشۇ كىچىك ماشىنىدىن ئايرىلغىنى.

1980 ـ يىل سىنتەبىر، ئۇرۇمچى.

## گۇزەللىك ئۇچۇن

(مىنى بەزى دوستلىرىم، سىنىڭ شېئىرلىرىڭىدا گۇزەللىككە بولغان مۇھەببەت كەم دەپ ئەيىپلىشىدۇ.)

بۇ گۇزەل ھاياتنىڭ گۇزەللىگىنى
كورمەيدۇ، قەلبىدە سەزمەيدۇ دەمسىز.

بۇ گۈزەل ھاياتنىڭ گۈزەللىگىنى
بىر ئۆمۈر جەڭ بىلەن قوغداپ ئۆتكۈچى.

كۆيلىمەك ئاسانۇ، قوغدىماق قىيىن،
بۇ گۈزەل ھاياتنىڭ گۈزەللىگىنى.
تۇغۇلدى قوغدىماق ئىستىگى، بىلگەچ
گۈزەللىك ۋەسلىنىڭ ئەۋزەللىگىنى.

بۇ قەلبىم ساداسى، سۆنماس ئىرادەم،
شۇنىڭغا ئاتىدىم ئۆمرۈمنى پۈتۈن.
مەڭگۈلۈك قاراۋۇل بولۇپ ئۆتىمەن،
ئەل ئورتاق تەلپۈنگەن گۈزەللىك ئۈچۈن.

1980 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## باشلىق زادى ئېرىمۇ يا خوتۇنىمۇ؟

قاسىم ئاكا يۇرتىمىزدا كاتتا رەھبەر،
ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا نوپۇزى بار.
ئۇنىڭ نوپۇز ۋە كۆندىلىك خىزمىتىگە،
ھەمدەم ـ شېرىك ئايپاشا دەپ خوتۇنى بار.

خالايمەن گوياكى گوردەك قاراڭغۇ
كوڭۇلنى نۇر بولۇپ نۇرلاندۇرۇشنى.
خالايمەن يىرتقۇچنىڭ جىنغا تەھدىت
سالغۇچى قايرىلماس خەنجەر بولۇشنى.

چىچىلسام دورا بوپ زىرائەتلەرگە،
چىكەتكە، قۇرۇت ـ قوڭغۇز قىرىلسا تامام.
مايسىلار جىسمىغا زەخمەت يەتمىسە،
كوچەتلەر باراقسان ياشنىسا ئامان.

ۋە ياكى بولسامتىم تاغ قاپتىلىدا
يۈگەنسىز ئېقىننى توسقۇچى توغان.
ئىنسانلار بەختىگە، گۈزەل ھاياتقا،
مەيلىچە ۋەھىمە سالمىسا قىيان.

بولسامتىم مەن ھاۋا رايى پونكىتى،
خەۋپنىڭ ئالدىدىن بەرسەمتىم خەۋەر.
قۇلىغىم ئىشتىمىسە نالە ـ پەرياتنى،
يار بولسا يۇرتۇمغا ھەر مىنۇت زەپەر.

مەن بولسام گۈزەللىك، چىنلىق گۈلىنى
توزۇتقان مەلئۇنغا ھوكۇم كەسكۈچى.

"سىز توغرىلىق ئويدىكىگە ئېيتىپ قويدۇم".
"تەستىق سېلىپ يوللىۋەتتۇق ئەرزىڭىزنى".
.........................................

ئەجەپكىم، خەق باشلىقنى كوپ ئىزدىمەيدۇ،
ئاراملىق يوق ئەمما باشلىق ئايالىغا.
(يۈز-ئابرويىنى جىگلاپ سېتىپ ئالامدۇ ئۇ،
كوندۇرمىسە ئېرىنى ئوز قارارىغا؟!)

دېيىشىدۇ شۇڭا ھەممە: ھوقۇق ئاشۇ
ئائىلىنىڭ مۈلكىمۇ يا ھوزۇرىمۇ؟
رەھبەرلىككە ئەسلىدە كىم تەيىنلەنگەن،
باشلىق زادى ئېرىمۇ يا خوتۇنىمۇ؟

1980-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

بۇ ئەتراپتا ئايپاشادىن بىمەسلىھەت
نەزىر-چىراق، توي-توكۇنلەر قىلىنمايدۇ.
قىلىنسىمۇ قىلىنغاندۇ، ئەمما ئۇنىڭ
نەزىردە ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ.

بولغۇسى كوپ يېڭىلىقنىڭ خەۋەرلىرى،
ئايپاشادىن ئالدىن-ئالا تارىلىدۇ.
ھە، شۇڭلاشقا پاشا ئاۋام نەزىردە،
گويا يۇرتنىڭ پالچىسىدەك قارىلىدۇ.

خىزمىتىغۇ يوق ئۇنىڭكى، شۇنداقتىمۇ
ساناپ بولماس چېچىدىن كوپ ئۇنىڭ ئىشى.
ھېرىپ-چارچاپ قايتىپ كەلسە ئولتۇرۇشتىن،
ئۆيدە ساقلاپ تۇرار ئۇنى ئونلاپ كىشى.

ھارغىنغىنا سالاملىشىپ ئۇلار بىلەن،
خۇرسىنىدۇ، مېھمانلارغا ھاللىنىدۇ.
يېلىنىشتا تەلمۇرۇشكەن كوزلەرگە ئۇ،
قارايدۇ-دە، ھاردۇق يوقاپ، جانلىنىدۇ:

"مېنىڭچە سىز بىرەر ھەپتە كۇتۇپ تۇرۇڭ".
"خۇش خەۋەردىن شاتلاندۇراي بۇگۇن سىزنى".

为 了 美
(诗集)
(维吾尔文)
买买提衣明·艾孜来提著
责任编辑：霍加阿不都拉
民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米1/32 印张：4 1/4
1983年1月第1版
1983年1月北京第1次印刷
印数：0001—5,600册 定价：0.21元
书号：M10049(4)146